ئابلىمىت ئابلەت

# كۆيۈۋاتقان سۈرەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



مۇھەررىردىن

ئابلىمىت ئابلەت 1972 - يىلى 4 - ئايدا يەكەن ناھىيەسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئۆزبېك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1990 - يىلى يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى، 1995 - يىلى شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىشقول يېزا، يەكەن بازىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، يەكەن بازارلىق پارتكومىنىڭ تەشۋىقات كادىرى، بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 2003 - يىلى 5 - ئايدىن ھازىرغىچە يەكەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا كاتىباتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئابلىمىت ئابلەت 1987 - يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «دوسكا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا 250 پارچىگە يېقىن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.



ئابلىمىت ئابلەت

# كۆيۈۋاتقان سۈرەت

(نەسرلەر)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

# كۆيۈۋاتقان سۈرەت

(نەسرلەر)

ئاپتورى: **ئابلىمىت ئابلەت**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 4.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2748 — 0
باھاسى: 12.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# مۇندەرىجە


سۆيگۈ مەكتۇپلىرى........................1
چۈش گۈللىرى........................14
ئۇنىۋېرسىتېتتىكى شادا ئورۇندۇق........16
ھىجران توزۇندىلىرى........................18
سۆيگۈزارلىق ھەققىدە رىۋايەت........20
كەچمىشلەر........................22
كۆيۈۋاتقان سۈرەت........................28
قارلىق ئاخشامدىكى شەمسىيە........31
ئۆكتەبىرنىڭ بىر شەنبىسى........34
نىگارغا ئېيتقان ھېكمەتلەر........35
يەكىنى يوق شەھەر........................37
بەخت ئىزدەۋاتقان قىز........................39
سوۋغىتىڭ........................42
قەلب قاشاسى........................44
چىلىم ۋە ساۋاقدىشىم........................45
تۇرسۇنئاي........................47
ئۆزۈم بىلەن سىردىشىش........................50
سېغىنىش........................54
يامغۇر........................57
ئۇنتۇش لىرىكىسى........................59
قومۇشچىنىڭ قىزى........................60

چۈچۈمەل تەشۋىش ..................... 61

قەلب تىۋىشلىرى ..................... 64

ئاق گۈل ..................... 66

نورۇزلۇق سالام ..................... 69

سۆيگۈ دەرىخىدىن تۆكۈلگەن ياپراق ..................... 70

خىيالىمدىكى جەننەت ..................... 73

ئۈرۈمچىدىكى پەرىشتەم ..................... 74

سۆيگۈ ئالبومىغا سىغمىغان سۈرەتلەر ..................... 78

ئاخىرقى كېچە ..................... 82

ئايرىلىش پەسلى ..................... 84

سوغۇق ئاچال ..................... 86

قەدىمي جىگدىلىك ..................... 87

ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە ..................... 88

سۆيگۈ دەرياسى ..................... 91

ئارمانلىق پىچىرلاشلار ..................... 93

ئۆتمۈشتىكى كۆيۈشۈش ..................... 96

سۆيۈش ..................... 98

كۈل رەڭ ئەسلىمە ..................... 99

مۇھەببەتنىڭ باغرى يۇمشاق ..................... 100

نىگاھ ..................... 102

ھەسەن - ھۈسەن باغچىسى ..................... 103

قۇشقا ئايلانغان سېغىنىش ..................... 104

ئۈچ دېرىزە ..................... 107

يامغۇرنىڭ سۈرىتى ..................... 113

سۆيگۈ دەرىخىنى سۇغىرىپ قوي ..................... 114

كۆز گۆھىرىمدىكى مەلىكە ..................... 116

ۋىسال دوقمۇشى.............................117
چۈشتىكى شەھەر...........................119
تەپەككۇر قەترىلىرى........................121
يۈرەكتىكى مەخپىي ئارخىپ...............123

# سۆيگۈ مەكتۇپلىرى

## 1

سۆيگۈ سېنىمۇ ماڭا ئوخشاش قىينىمىسكەن دەيمەن، مەن ئازاب گۈلخانلىرى ئىچىدىن سېنى تاپالماي نالە قىلىمەن. تىلىم دىلىم بىلەن ئۈنسىز پىچىرلىشىدۇ. كۆككە قاراپ نۇرغۇن قىسسەلەرنى سۆزلىگۈم كېلىدۇ. بەزىدە قۇياش، ئاي - يۇلتۇزلاردىن ئىككىمىزنىڭ قىسمىتى ھەققىدە بىر تالاي سوئاللارنى سورايمەن. ئۇلار بىزنىڭ مەڭگۈلۈك سۆيگۈمىزنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئىدىغۇ، ئەمدى ئۇلار نېمىشقا سۈكۈتتە تۇرۇۋالدۇ؟

سەھەر سەلكىنىگە ئايلىنىپ كۆڭۈل رۇجەكلىرىمدىن مارىلايسەن، مەن ئۇيقۇ قەلئەيىمدىن چىقىپ قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ سېنى يەنە ئىزدەيمەن. ئۇيقۇسىز تۈنلىرىمدە تاتلىق كۈلكىلىرىڭنى سېغىنىمەن. بەزى - بەزىدە شامنىڭ چاراسلاپ يېنىشلىرىدا مۇڭلۇق قاراشلىرىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاسمىنىمدا كۆرۈنىسەن-يۇ، يەنە ئۈن - تىنسىز غايىب بولىسەن.

## 2

پەرىشتەم، مۇزلىغان قەلب قىشلىقىمىزدا گۈلخان يېقىپ مەشرەپ سالغىنىڭ، كۆيلەر پەرۋازىدىكى ۋىسال تەنتەنىسى ئەمدى ئۇنتۇلدىمۇ؟

قېنى ئاشۇ مۇڭلۇق دەملەر، قېنى ئاشۇ بەختىيار تىنىقلار؟ قار باسقان چىغىر يولنى بويلاپ كېتىۋاتقان سەلكىن قەدەملەر، ئايرىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ھىجران ياشلىرى؟!......

شامال قىسمەت خاتىرىمىزگە يېزىلغان مەڭگۈ ئۆچمەس بەتلەرنى ئۆرۈمەكتە.

سەن كۆڭلۈم تەلپۈنگەن ساماۋى ھۇزۇر ئىدىڭ، روھىمنىڭ جەننىتى ئىدىڭ. ساڭا بولغان سۆيگۈم كۆككە باغرىنى يېقىپ ياتقان تاغ ئۈستىدىكى قاردەك پاكىز ئىدى. ئۇيقۇ نېمە، كېچىلىرىم سۈكۈت ۋە ئۇلۇغلۇق ئىچىدە ياناتتى.

بىر لاۋا تەپتىدە ئاجايىپ بىر قۇدرەتنى ھېس قىلغانلىقىڭنى بايان قىلىسەن. سۆيگۈ - يۈرەكلەرگە تىلسىم قىلىنغان مۆجىزە، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە زېمىننى بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندۇرالايدىغان ئوت دېڭىزىغا ئايلىنالايدۇ. شىر - يولۋاسلار ھۆۋلىشىپ يۈرگەن چۆل - جەزىرىلەرنى مېھىر جەننىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنى ئۇلۇغلايمەن، جېنىم!

## 3

خىيال باياۋانلىرىدا مەنزىلسىز يۈرگەنلىرىمدە، تەپەككۇر ئالىمىگە سەنلا ھۆكۈمران ئىدىڭ. مەن قەلبىمدىكى سۆيگۈ ۋە سېغىنىش قىيانلىرىغا توغان سالدىم. قارىسام ئۇچۇمۇمدا بىر سىقىم كۈل...... شۇندىن كېيىن، پىنھان ھىجرانىم بىلەن ياشىماقتىمەن.

چۈش باغچىسىدا پەسىل قۇشلىرىغا، جەننەت قۇشلىرىغا دان سېلىپ، كىچىك چېلەكلەردە گۈل سۇغىرىپ يۈرەتتىم. پەرىشتىلەر بۇنىڭ ۋەجىنى سورىغاندا: «زېمىندىكى بىر پەرىشتە ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگۈدەكمەن.

ئايرىلىش — ئىنساننىڭ ساداقىتىنى سىنايدىغان ئىمتىھان. مەن ئۇنىڭ مۈشكۈل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم. تۈن پەرىسى قارا پەرىجىسى ئىچىدىن نازلىق بېقىپ يولۇمنى توسۇپ قويماقچى بولىدۇ. يول بويلىرىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ماڭا بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولىدۇ. قۇم - بوران، قار - يامغۇرلارنىڭ زارىنى بىلىپ بولمايدۇ. كۆڭلۈمدىكى يېگانە بىر ئۇچقۇن مېنى مېڭىشقا، توختىماستىن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، مەن سېنى يەنە ئىزدەۋاتىمەن.

4

بىردەملىك تەسەللى بىلەن بىھوشلىنىپ سېنى يەنە ئويلاشقا گىرىپتار بولغان ئاشۇ كۈندە، قارلىق دالىدىكى نىشانسىز سۈرۈلگەن ئىزنىڭ نەگىچە داۋاملاشقىنى ساڭىمۇ سىر ئەمەسقۇ؟ ئۈنسىز سېغىنىشلىرىم، كېچە قوينىدا قەلب بەتلىرىمگە سانسىز - سانسىز مەكتۇپلارنى پۈتكەنلىرىم، ئالدامچى ئۈمىد ئىلكىدە مامۇق تۆشىكىمدە تۈنىنى تاڭغا ئۇلىيالماي تەقەززا بولغان ئۇيقۇسىز كېچىلەر...... ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئۆكۈنمەيمەن دەپ ئۆكۈندۈم، يىغلىمايمەن دەپ يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدۈم.

ھەربىر تىنىقىمدا يۈرىكىمنىڭ ساڭا قۇت تىلەشلىرى، بۇلار مېنىڭ بايلىقىم!

5

كەچۈر، ئەمدى ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرىيەلمىدىم، قەلب ئىشىكىمنىمۇ ئاچالمىدىم، يامغۇر بولۇپ دېرىزە چېكىشلىرىڭ ئەنە شۇنداق جاۋابسىز قالدى.

چاك - چاك يىرتىلغان قەلب چوغلۇم مۇقەددەس خارابىگە ئايلانمىدىمۇ، ساڭا ئاتاپ تىزغان دەستە - دەستە گۈلدەستىلەر خازان بولمىدىمۇ، سېنى ئىزلەپ يۈرگەن ئىزلىرىمدا سانسىز قەبرىلەر پەيدا بولمىدىمۇ؟

ئەمدى كەت، كەت گۈلۈم، يۈرىكىمدىن ياش تامچىلاۋېتىپتۇ. خورسىنما، خىرەلەشكەن ئۆتمۈشىنىڭ ئازابلىق كوچىسىدا سېنىڭ داۋالىق ھىدىڭ ھېلىمۇ ئىرىپ كەتمىدى. چەشمە بۇلاق بويىدا لەۋلىرىڭ تەشنالىق ئۇچرىشىشلىرى، قەسەملىك ئەھدىلەر، سېنىڭ كۆز يېشىڭنى سۈرتكەچ چىغىر يول بويلاپ كېتىپ قېلىشىڭ بىلەن پەقەت سېغىنغىلى، ئويلىغىلى بولىدىغان، رېئاللىقتا ئايلانمايدىغان ھېكايىگە ئايلاندى.

6

سەن ئۈچۈن چۆللەردە سەيياھ بولۇشقا رازى ئىدىم. سەن ئۈچۈن تاغ يىرىشقا رازى ئىدىم. ئۇزۇن سەپەرلەردە ئورۇق يەلكىلىرىم سېنىڭ يۇمشاق ياستۇقۇڭ ئەمەسمىدى؟ ھايات سەپىرىدە سەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ مېڭىش مېنىڭ ساماۋى خىياللىرىم ئىدى، لېكىن سەن مېنىڭ بارلىق ئۈمىد ۋە ئىستەكلىرىمنى ساختا قەسەملەر بىلەن پايمال قىلدىڭ.

«خوش گۈلۈم!» مەن ئەمدى ساڭا شۇنداق دېيەلەيمەن.

7

سەن كۆكۈل خانەمنىڭ تۇنجى مېھمىنى بولغىنىڭدا، يىللار ھەممىنى باشقىدىن ئاپىرىدە قىلغان بولسا كېرەك، سەن 18 ياشلىق يىگىتنى مۇڭلاندۇرۇپ قويدۇڭ. گىتارنىڭ چېكىلىسلا مۇڭ چاچرايدىغان تارلىرى بارماقلىرىمنىڭ ئۈچىنى يارا قىلاتتى.....

ھاياتىم باغ ئىدى، سەن باغۋەن بولۇپ كۆڭلۈم بېغىنى سانسىز رەڭدار، خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن بېزىگەنىدىڭ. سەن بىلەن يۈرگەن دەملىرىمدە ئەتراپىمنى ھەرزامان رەڭگارەڭ گۈللەر ئوراپ تۇراتتى، بىز بەخت قۇشىغا ئايلىنىپ چىمەنلەر ئارىسىدا ئەركىن پەرۋاز قىلاتتۇق.

## 8

ئەسلىمىلەر يىراق ئۆتمۈش ئىچىدە يەنىلا رەڭگىنى يوقاتماپتۇ. ھەر قېتىم بىز تۇنجى كۆرۈشكەندىكى ئىللىق چېھرىڭ كۆز ئالدىمغا كەلسە، ياشلىقنىڭ ئويناق ھېسلىرى كەيپىدە ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشۈم، سۆيگۈگە بولغان ئوتتەك تەشنالىقىم ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. قاش قارىيىشى بىلەن ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىۋاتقان نامازشامگۈللىرى ئارىسىدىكى ئويغاق چۈشلىرىم خىيال جەننىتىمنىڭ ئالتۇن دەۋازىسىنى ئاچىدۇ.

بىز بىر مەكتەپ، ئىككى بىنادا ئىدۇق، خۇددى كاككۇك بىلەن زەينەپ بىر دۇنيادا — ئىككى جايدا بولغانغا ئوخشاش. تارتىنىش، قورۇنۇش ئىچىدە تاۋلىنىۋاتقان مۇھەببىتىمىز شۇ قەدەر پاك، ئۇچرىشىشلىرىمىز تولىمۇ قىسقا ھەم رومانتىك ئىدى. ھەپتىدە ئىككى كۈن نېسىپ بولىدىغان كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتقاندىن كېيىنكى يېرىم سائەتلىك ئۇچرىشىش، مەكتەپ بېغىدىكى ھېلىقى بىر بۇرجىكى سۇنۇق تاش ئورۇندۇقتىكى كەلگۈسىگە باغلانغان ئارمانلىرىمىز قانچىلىك ئۇلۇغ ئىدى - ھە؟

ئەپسۇس، يۇرتلىرىمىز ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز يېقىن ئىدىغۇ؟ كۆزلىرىڭگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ماڭا شېرىن ئازابتىن پۈتكەن تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتىڭ. مەن سېنى كېلىدۇ دېگەنىدىم، شۇ ئوي بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرەتتىم. لېكىن، سەن كەلمىدىڭ.

## 9

سىم ـ سىم يامغۇرلۇق ئۇرۇمچى ۋوگزالى مېنى سۈرگۈن قىلىشقا ئالدىرايدۇ، مەگزىنگىدە ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان ياشلىرىڭنى ئالىقانلىرىم بىلەن سۈرتۈپ تەسەللى بەرگەن ئازابلىق مىنۇتلارنىڭ چىرقىراشلىرىدا، روھ دۇنيارىم ئەلەملىك پۇشۇلدايدۇ.

ئاي دالىدا سەن بىلەن مۈرىدىشىپ كېتىۋاتقان شۇ چاغدا، قەلبىڭنىڭ شىۋىرلاشلىرىدىن مەن ھەممىنى بىلگەنىدىم. مەنمۇ ياخشى كۆرۈش پەقەت پۇشايمان، ئاچچىق ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئەمدى بىلسەم، ئىرادىسىزلىكىمىز ئىككىمىزنىڭ ۋىسال بوسۇغىسىنى داۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن.

## 10

كۆز نۇرۇم، كۆزلىرىڭنىڭ ئىزتىراپتا بېقىشلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ، دېمىگەنىمدىلىك؟

توي باغىقىڭغا باشقىلارنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ يېزىۋاتقىنىڭدا كۆزلىرىمنىڭ مۆڭلۈق بېقىشلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگەنسەنمۇ؟

## 11

چۈش ــ سەن ئۈچۈن جەننەت. سەن تاڭ شەپىقى جۇلاسىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بىر دەستە چوغلۇقتەك، كېلىن تۆشىكىدە كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ ئۈستىدە تاتلىق خىيال سۈرەتتىڭ.

مەن شۇنداقلا ئۇنتۇلۇپ كېتەرمەنمۇ؟ جازاسىنى تارتقان ئىزھارسىز سۆيگۈ مېنى يەنە قاچانغىچە ئازابلار؟ مەن سېنى ئۇنتۇش سەپىرىگە ئاتلاندىم. سەن بىلەن يۈرگەن يوللاردىن ئامال

قىلىپ ماڭماسلىقتا، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشتىم. ۋاھالەنكى، مەن ئايلىنىپ يەنە سىنىڭ خالتا كوچاڭغا كىرىپ قالدىم.

## 12

دوقۇرۇشۇپ قالغان قىسقا نەزەرلەردىن سېھىرلىنىپ، ئون يىل ئاۋۋال سايىلەر جۈپلەشكەن يۇلتۇزلۇق كېچە قوينىغا قايتقاندەك بولىمەن. سېنى كۆرۈش بىلەن ئەسلىمىلىرىمىزدىكى سادda، ئەمما يېقىملىق پىچىرلاشلار ئېسىمگە كېلىدۇ. لېكىن، ھازىر ئېسىەنلىك سورىشىشقىمۇ بىزدە ئىمكان يوق. تېخىچە بىر - بىرىنى ئۇنتۇشقا قادىر بولالمىغان ئىككى يۈرەكنىڭ، ئىككى جۈپ كۆزنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلىشىشىغا ئەسلا يول يوق. قەدەملەر ئامالسىز.......

بىر يېنىمدا بىر جۈپ كۆز، بىر يېنىمدا بىر جۈپ كۆز، ساڭا تەلپۈنۈپ تىپىرلاۋاتقان يۈرىكىم، تىركىشىۋاتقان ئارمانلىرىم.......

بىر يېنىڭدا بىر جۈپ كۆز، بىر يېنىڭدا بىر جۈپ كۆز، يىغلاۋاتقان يۈرىكىڭ، مۆكۈنىۋاتقان ھىجرانىڭ.......

يېنىمدىكى قەھرلىك بىر جۈپ كۆزنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن مەھبۇس كەبى كېتىۋاتىمەن.

سەنمۇ ھەييارلىق كۈلكىسى ئويناپ تۇرغان كۆزنىڭ بوينۇڭغا باغلانغان كۆرۈنمەس رەشىك زەنجىرىنى زەرىپ بىلەن تارتىشى بىلەن كېتىۋاتىسەن.

ۋەدىلىرىمىزدىكى ۋىسال، تەسەۋۋۇرىمىزدىكى جەننەتكە ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا، بىز بىرگە ئېرىشكەن ئىككى گەۋدىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىشكە، قۇتىنىڭ ئىچىدە ساقلانغان ياقۇتتەك ئەتىۋارلىنىشقا، بايقۇت قىلىنىشقا مەجبۇر بىز.

بىر يېنىڭدا بىر جۈپ كۆز، بىر يېنىڭدا بىر جۈپ كۆز......

قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە......

## 13

يــامغۇرلۇق چۈشــتىكى چاقناق كۆتۈشــلىرىم قاچــانغىچە داۋاملاشــقىنى ئېــسىمدە يــوق. ئىككىمــىز كۆرۈشــمەكچى بولغــان گۈللــۈككە كەلــگەن تۇرۇقلــۇق ئــۈن - تىنىــسىز ئەگىــپ ئۆتــۈپ كەتكىنىڭنى نېمە دەپ چۈشىنەي؟

تــايىنلىق كەلمىــگەن بولــساڭمۇ ئــۇنچە رەنجىــپ كەتــمەس ئىدىم.

قول تۇتۇشۇپ دەريا بويى بويلىغان شۇ كۈنى سەن مېنىــڭ قەلــبىمگە مــۇھەببەت ئــوتى ياققانــدىڭ. كۆڭــۈل چىرىغىمــىز بىــز كېتىۋاتقان چىغىر يولنى يورۇتقان ئاشۇ توپىا ياغقان كېچە ھېلىمۇ قەلب خاتىرەمدىن ئۆچكىنى يوق......

سەن مېنى مىسكىنلىك ئىچىدە چەكسىز كۆتۈشلەردە قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىڭ.

## 14

تويدىن كېيىن ساڭا ئۇششۇك تەگدى، گۈل!

ســاختا ۋەدە، ئالدىنىــشلار ئىچىــدە چاقنــاپ ئۆتىــدىغىنىڭ ئــۆزۈڭگە ئايــان ئەمەســمىدى؟ ئۈمىــد يىپلىــرىم ئۈزۈلــدى، لىققىــدە ســۆيگۈ تولغــان يــۈرىكىم جاراھەتلەنــدى. خەيــرىيەت، ســېنىڭ ۋەدىلىرىڭ، مېنىڭ كۆتۈشلىرىم، ئاخىر ھەممىسى جاۋابسىز قالــدى. يىگىتلىك قەدىر - قىممىتىم ھەرىدەلگەن دەرەختەك يىقىلدى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

بــالىلىرىمىزنى ئەگەشــتۈرۈپ رەســتىلەرنى ئــارىلاۋاتقىنىمىزدا دوقۇرۇشۇپمۇ قالىمىز. كۆزلىرىڭــدىن خىجىللىق بالقىيــدۇ. ھــال رەڭ يۈزلىرىڭ بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا ئالدىراۋاتقان ئايغا ئوخشايدۇ.

بىز ھايات چاقچاقلىرىغا گول بولۇپ تاسادىپىي پۇرسەتتە يەنە قايتا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزدا، سېنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىڭدىكى پۇشايمانلىق تارىخىنى تەلتۆكۈس ئوقۇپ ئۈلگۈردۈم. لېكىن، ھېچقانداق بىر كۈچ ئۆتكەن كۈنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرمەيتتى.

ئەستىلىكلەر سەن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن مۇقەددەس ناخشىغا ئوخشايدۇ. شۇنداق، ئازابلىق كەچمىش شاماللىرى پات - پات كۆڭلۈم قوۋۇقۇمنىڭ ئالتۇن ھالقىلىرىنى زەرب بىلەن تاراڭشىتىپ قاقىدۇ.

## 15

ۋىسال دەملىرىگە قاچانمۇ ئۈلىشارمىز دەيتتۇق. بىر مەزگىللىك مۇساپىدىن كېيىن ئىككىلىمىزنىڭ كۆڭلىگە بىر - بىرىگە مەڭگۈلۈك سەپەرداش بولالمايدىغانلىقىمىز ئاستا - ئاستا ئايان بولۇشقا باشلىدى.

قانداقلا بولمىسۇن بىز بىر - بىرىمىزگە بىر مەزگىل ھەمراھ بولغان. ئالتۇندەك سارغايغان كۈز پەسلىدە مەنزىلىمىزگە يەتمەي تۇرۇپلا، ئەنە شۇنداق ئاسانلا ئايرىلىپ كەتتۇق.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، ماڭا قىلغان ئەقىدەڭگە رازىلىق بەر، جېنىم.

— خەير......

قوللىرىمىز ئاستا - ئاستا ئاجرىدى، ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە قاراپ سۈرۈلدۇق. كەينىمدە بىر جۈپ كۆزنىڭ قىيالماسلىق بىلەن قاراۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرساممۇ كەينىمگە قايرىلىپ قاريالمىدىم، سېنى داۋالغۇپ تۇرغان دەريا دولقۇنىدەك كۆز يېشى ئىچىدە قويۇپ جۇدالىقنىڭ گىرىمسەن ئۇپۇقلىرىغا سىڭىپ كەتتىم......

## 16

قېنى ئورمانزارلاردا رەڭدار قۇشلارنى سۆكۈتكە كۆمگەن سېھىرلىك سادالار، گۈزەل ئېستەكلەرنىڭ تەپتى ئۆچتىمۇ؟ سىغىنىش ئىلكىدە بىر پارچە سۇرەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

باراقسان مۇڭزارلىقىمدىكى خىيالەن سۆيۈشلەر ئېسىمدە، كۆزلىرىڭ ھەرقاچان كۆز ئالدىمدا، شۇڭا سېنى ئۇنتالمىدىم. سېنى بارلىقىم بىلەن بېزەلگەن روھىي خانەمگە باشلاپ كەلگىنىم، سېنىڭ قاي رەۋىشتە كىرىپ كەلگىنىڭ ئاجايىپ لەزىز كۈيلەر تىنىقى قوشۇلمىغان سۆيگۈمىزدەك ئىككىمىزنىڭ تارىخىغا ئالتۇندىن پۈتكەن يادنامە قويدى.

سەن ھامان كۆز ئالدىمدا، پات - پات توقۇمىچى يۈلتۈزدىن، لەھەل يۈلتۈزدىن سېنى سوراپ جاۋاھىرات چېچىلغان كۆكتىن سېنى ئىزدەيمەن. سېنى ئىزدەشلىرىم، سېغىنىشلىرىم بىلەن بوران - چاقماقلار ئارىسىدا قالىمەن. زىلزىلە ئىچىدە سېنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالىمەن.

## 17

دېرىزەم سىرتىدىن ئاڭلىنىۋاتقان مەن ئۇنتالمايۋاتقان ئايرىلىش گۈدۈكى. قوللىرىڭنىڭ سىلكىنىشلىرىدە پۈتۈن ئالەم ماتەمگە چۆمگەن، چاناقلىرىڭ نەملىنىپ ئەتراپ يامغۇرلۇق تۈن ئىچىگە غەرق بولغان ئەمەسمىدى؟ سەن ماڭا: «چىدام — سۆيگۈ دېمەكتۇر» دېگەنىدىڭ......

سېغىنىشلىرىم ئىچىدە كۈتمەكتىمەن. ئاھ، لەۋلىرىڭ ئۆچرىشىشلىرىدا كۆزلىرىڭنى چىڭ يۇمۇۋالغىنىڭنىڭ ۋەجى نېمىدى گۈلۈم؟

سېنى كۆرۈۋاتىمەن، بەرق ئۇرۇۋاتقان ھاياجىنىم ئىچىدە.

ھەئە، سەن كۆز ئالدىمدا، مەن سېنىڭ چوغدەك قىزىق قوللىرىڭنى تۇتۇپ كەلگۈسى ھايات يولىمىزغا بىللە ماڭىدىغان دەملەرنى كۈتۈۋاتىمەن......

## 18

سەن سۆيگۈ پەسلىمدىكى تۇنجى ۋە ئاداققى گۈلۈمسەن، خىلۋەت چەكسىزلىكتىن سېنى تېپىۋېلىپ ئەڭ ئەزگۈ ئارمانلار بىلەن سۆيگەنىكەنمەن، كۆيگەنىكەنمەن.

ئېھ، شاۋقۇن باسقان ئۆمۈچۈك تورىدەك چېگىش يوللاردا مېنى باشلاپ يىراققا بەكمۇ يىراققا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىرىڭدا، نادامەت بېكىتىدە كۈتۈۋاتقان تەنھالىقىمنى تامام ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن. ئاشۇ چاغلاردا شىددەتلىك ۋاقىت ئېقىنى ماڭا سەندىن كەلگەن بەخت شادلىقىنى ئېلىپ كەتتى.

سەن نېمىشقىمۇ كۆڭۈل خانەمگە تۇيدۇرمايلا كىرىپ، روھىمغا لەنگەر تاشلىغانسەن؟

قېنى، شۇ ساڭا قېتىلىپ كەتكەن ساياق ئۆزۈم؟

پاكلىق شولىلىرىدا بېلىق بولۇپ ئۈزگىنىمچە ئاشىق كۆيلىرىگە قېتىلىپ كېتىمەن.

ئەمدى بىلسەم سېنىڭ سۆيگۈڭدىن قاناتلانغان، سېنىڭدىن يىراققا ھالقىيالمايدىغان بىر قۇش بوپتىمەن.

ۋىسال سەپىرىدە ئۇچۇۋاتىمەن، سېنىڭ ئىزلىرىڭ تامان. شۇنداق بىر ئۇۋا باركى، زېمىندا سېنىڭ يۈرىكىڭ ئۇ تىلسىملار بىلەن قورشالغان. گۈل رەڭ ئوت پۈركۈپ تۇرغان ئاشۇ ئۇۋا مەڭگۈ مېنىڭ ماكانىم بولسا دەيمەن.

## 19

يامغۇرلۇق كېچىلەردىكى تىۋىنىشلىرىمنى ئاڭلىۋالمىغانسەن، جېنىم؟

كۆزلىرىمنى ئوۋلىۋالغان كۆزلىرىڭنى كۆزلىرىمدە مەڭگۈلۈك ساقلىسام دەيمەن.

سىنىڭدىن ئايرىلساملا ئۆزۈمنى تامام ئۇنتۇپ، مۇڭلۇق ھەم خىيالچان بولۇپ قالىمەن، خۇددى سەن كۆرمەسكە سېلىپ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتكىنىڭدەك.

ئېغىر قەدەملىرىمىزنى سۆرەپ ئىككىمىز ئىككى ياققا ئايرىلغىنىمىزدا زەر نۇرلىرى بىلەن ماڭا تەسەللى بەرگەن تولۇن ئايدىن باشقا ھەممە، ھەممە مەۋجۇدات مەن ئۈچۈن يېقىمسىز تولىمۇ سوغۇق. ھىجران تۈنلىرى يەنە ھۇۋلاپ مېنى قوغلايدۇ، ماڭا يېتىشىۋالسىلا ئەتراپ ئۆتمۈش خارابىسىگە ئايلىنىدۇ. ئارقاڭغا قايت! كەل قوللىرىمنى تۇت، بىز ئەركىن شامال كەبى يىراققا، بەكمۇ يىراققا ئۇچۇپ كېتەيلى!

كەل گۈلۈم، بىز يىراق - يىراققا، تولىمۇ يىراققا كېتەيلى!

كەل ئامرىقىم، ۋىسال ناخشىسىنى بىرگە ئېيتايلى، قولۇمنى مەھكەم تۇت. لەرزان كۆيلىرىمىز سۆيگۈ چەكسىزلىكىگە سىڭىپ كەتسۇن!

## 20

سانسىز كۆزلەر ئىچىدىن مېنى تېپىۋېلىپ، دېڭىز بويىدا قۇلۇلە قېپى تېپىۋالغان سەبىي قىزدەك شوخلۇق بىلەن ئېيتقان ناخشاڭنى كىملەر ئاڭلاپ قالغان بولغىيتتى-ھە؟

يۈرىكىڭگە ئاسىيلىق قىلىپ مېنى سۆيمەيمەن دەيسەن. كېچىلىرى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ مېنى ئىزدىگەنلىرىڭنى كۈندىلىك خاتىرەڭ ئاشكارىلاپ قويىدۇ؟ مېنى ئەمدى ئىزدىمەيمەن دەيسەن-يۇ، ئۇماق لەۋلىرىڭ جۇدۇندا قالغان رەيھان گۈلىنىڭ بەرگىدەك ئەلەملىك تىترەيدۇ. كۆزلىرىڭدە زېمىن سەتھىگە پاتمىغۇدەك دەريا ئۆركەشلەيدۇ......

قارلىق سەھەر سەن نېمە دەپ ماڭا ئۇچراشقان، سوغ شامال نېمشقىمۇ تىننقلىرىڭنى دىماقلىرىمغا سۆيدۈرۈپ، روھىمنى كەيپ قىلغان بولغىيتتى؟ «يىگىت دېگەن قەلبىدە پەيدا بولغان چوغنى يەنە قەلبىگە كۆمۈۋېتەلىشى كېرەك» دېسەم، سەن «سۆيگۈ دېگەن قەلبتە قانچە ئۇزاق پىنهان ساقلانغانسېرى شۇنچە ئازابلىق بولىدۇ، ئەمما تاۋلىنىدۇ» دېگەنىدىڭ. ئىككىلىمىزنىڭ «سېنى سۆيىمەن» دەپ ئېيتالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

2001 ـ ، 2006 ـ يىللىرى، يەكەن — قومۇل



## چۈش گۈللىرى

1

خىياللىرىم مۆجىزىلەر بىلەن چەكسىزلىشىپ كەتكەن كەڭ ئالەمنى پىيالىچىلىك بىلمەس. نېمىشقا دېسەڭ، يۈكسەك ئېتىقادتىن باشقا ساماۋى بىر ئىنتىلىش قەلب دۇنيارىمدا تىنىمسىز بەرق ئۇرىدۇ. ئارمانلىرىم، ھەيرانلىقىم، ھىجرانلىرىم داۋاسىغا بىر سەن تېۋىبسەن، ئاتەش نۇرۇم!

2

سەن مېنى ئۆزۈڭ چاقىرغانىدىڭ، چۈشۈمدىكى پەرىشتە!

سۈبھىدىكى شىتىلە يۈلتۈزلار مۆگىلۈق كاككۇك كۈيى بىلەن سىردىشىشتىن توختىغاندا، يۈزلىرىمگە يېنىك سۆيۈپ قويۇپ قاچقانمۇ سەن ئىدىڭ.

باھار قۇشلىرى سېغىنچىمنى ئېلىپ كەتكىلى نىكەم، مۇگزارلىقنىڭ ئەۋجىدە چايقالغىنىمچە ناله رەڭ شاراب توشقۇزۇلغان قەدەھتىن شەپەقنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتمەكتىمەن......

ئادەم ئادەمنى يوقاتقاندا ئاندىن ئۆكۈنىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ شۇنداق تۇيغۇنلۇق ئىچىدە كۆز يېشىڭ بىلەن مۆگدىشارسەنمۇ؟

## 3

سەن ئاددىي بىر قىز ئىدىڭ، مانا ئەمدى ئاددىي بىر ئانىغا ئايلاندىڭ.

گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى ئاددىيلىق ئىچىدە ئالماستەك چاقناپ، سۈنئىيلىك ۋە رەزىللىكتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، سىېنى ئويلاشلىرىمنى مۇھەببەت دەپ بىلسەم بولارمۇ؟

ئەمىسە مۇرەمگە بېشىڭنى قوي، نامازشامگۈلدەك پۇراقلىق چاچلىرىڭنى ھىدلاپ تۇرۇپ ئۆز سوئالىمغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەي: ۋىسالدىن نېسىۋە ئالالمىغان مۇھەببىتىم ئاخىر ئارماندىن بولسىمۇ بىر كىشىلىك نېسىۋە ئالدى.

## 4

ئىنسانلار نۇرغۇن بۈيۈك ئىختىرالارنى روياپقا چىقارغان بىلەن ئۆلۈم دېگەن بۇ مۆجىزە ئالدىدا يەنىلا بىقۇۋۋەل ئىكەن. شۇڭا دەيمەن، تۈنۈگۈن بۈگۈنگە ئايلانغانغا ئوخشاش بۈگۈننىڭمۇ ئەتىگە ئايلىنىشى مۇقەررەر. شېرىن دەملىرىمىز قىسمەتكە ئايلاندى. ئەمدى قىسمەتلىرىمىز تارىخقا ئايلانغۇسى. شۇڭا، بۈگۈننى قەدىرلەيلى جېنىم!

# ئۈنىۋېرسىتېتتىكى شادا ئورۇندۇق

## 1

بىز يۈلتۈزسىز ئاشۇ سوغۇق كېچىدە شۇنداقلا ئايرىلىپ كەتكەنچە، كېيىن خەتمۇ يېزىشمىدۇق، تېلېفونمۇ ئۇرۇشمىدۇق.
مەكتۇپلارنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتمىگەن بولساق، ئۆتمۈش شەھىرىنى سەير ئەتكىنە!
چۈش شەھىرىگە بېرىپ قالساق، ۋەدىلەرنىڭ خارابىلىرىنى زىيارەت قىلارسەنمۇ؟!
جۇدالىق ھۆۋلىغان مۇدھىش كېچىدە، تەتۈر رىيدە ئاستىدىكى شادا ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇشقىنىچە ھەسرەت شارابى ئىچىشكەن ئىككىيلەننىڭ كۆلپەتلىك قىسمىتى يەنە قاچانغىچە سىر ساقلىنار؟

## 2

گۈلۈك كەتتى، ئەي گۈللەردىن مەنە ئىزدىگەن سادىدا يىگىت!
ئاشىقلىك كەتتى، ناخشا مۆگدىن ئۆزىنى ئىزدىگەن سادىدا ئاشىق!

## 3

ئادەملەر قاتارى بىزمۇ ۋاقىتنىڭ بارسا كەلمەس سەپىرىدە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ئورۇمچىگە

نەچچە باردىم، سەنمۇ مېنىڭدىن كۆپ بارغانسەن. سېنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. ئەمما، مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئاشۇ رېدە ئاستىدىكى شادا ئورۇندۇقنى يوقلايمەن.

ئۇ يەر ئايرىلىش ئالدىدىكى ئىككى يۈرەكنىڭ نىداسىغا گۇۋاھ، ئۇ يەردە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ لەرزىتىمۇ، ھىجران ئالدىدىكى مىنۇتلارنىڭ دەھشىتىمۇ بار......



## ھىجران تۇزۇندىلىرى

1

ئۇ چىرايلىق ھەم بىباھا قۇش. مەن ئۇنى ساڭا سوۋغا قىلىش ئۈچۈنلا باققان. ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى، يېقىملىق سايراشلىرى يۈرەككە داۋا......

ئۇ سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتۈپلا مەجرۇھ بولدى. زوق - شوخ بىلەن سايراشلىرىنىڭ ئورنىنى ھەسرەت ئىگىلىدى. سەن ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالمىغاندىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بەردىڭ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا جانلىنىپ يېقىملىق سايراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سەن ئۇنى ئېلىپ قاچتىڭ، سەن ئۇنى قەسىرىڭگە ئېلىپ بارغىنىڭدا، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغانىدى.

2

سەن مېنى سۆيمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۆزگىنى سۆيمەكچى بولدۇم. مەجبۇرىي تېڭىلغان سۆيۈشنىڭ مەنىسىزلىكى، ماڭا كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىڭدىن كېيىنكى ئازابلىرىمنى تەلتۆكۈس يۇيۇۋەتتى. كەل، بىز ئەمدى دوست بولۇپ ئۆتەيلى.

3

سەندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكلا قورقاتتىم، خۇدا ماڭا شۇ

كۆڭنى كۆرسەتمىسكەن دېگەننى ئويلايتتىم. ئەمما، ئۇ كۆڭلەر ئۆزاققا قالماي بېشىمغا كەلدى.

تەگرىتاغلىرى ئاپپاق لېچەك ئارتقان، كائىنات سوغۇقتىن تىترەۋاتقان مۇدھىش پەسىلدە، مەن ھاياتىمدىكى قىممەتلىك نەرسەمدىن — سەندىن ئايرىلىپ قالدىم.

1994 - يىلى، يەكەن



# سۆيگۈزارلىق ھەققىدە رىۋايەت

1

سىنىڭ كۆلكەڭ چىمەنزارنى چاڭ كەلتۈرگەن شۇ دەقىقىدە، گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ، قۇشلار شادىيانە ناۋا قىلىشتى. جاھان تەبەسسۇمى قەلب بېتىمگە يەتتە ئىقلىمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قويدى. شۇندىن ئېتىبارەن، مەن بىر ئازابقا گىرىپتار بولدۇم.

2

ئۇ مېنى ئۇپۇقنىڭ قان رەڭ گىرۋىكىگە باشلاپ كەلدى. تاپىنىمىز ئاستىدىكى قاغجىرىغان زېمىن بىزگە ئىلتىجالىق قوللىرىنى تەڭلەيتتى. بىز كۆز ياشلىرىمىز بىلەن ئۇنى سۇغاردۇق. كەپتەرنىڭ تىلچىلىك مايسا بىخلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئۈنۈپ چىقتى. يېڭى ھاياتلىق بىزنىڭ ئەمگىكىمىزگە ئايلاندى. شۇڭا، بىز ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق. بىز كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان مايسىلارغا «سۆيگۈ گۈلى» دەپ ئىسىم قويۇۋالدۇق.

3

گۈل ئېچىلمىسا بولمايدۇ، ئېچىلغان گۈل توزۇيدۇ. سەن

ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر ئارىسىدا غايىب بولدۇڭ. بۇلبۇلغا ئايلىنىپ ئىنتىزارلىق بىلەن سايرىدىم: «سېنى كۆرگەن كىشى بارمۇ؟»

مەن ئاخىر سۆيگۈ گۈللىرى بىلەن ئاۋاتلاشقان بېغىمىزنى تاشلاپ شەھەرگە كىردىم. ئادەملەر مىغىلدىشىپ كەتكەن رەستىلەرنى ئايلاندىم، يول قاسناقلىرىدىكى سۈنئىي گۈللۈكلەرنى، مەيدانىدىكى فونتان بويلىرىنى، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن خىلۋەتلەرنى ئالا قويماي ئىزدەپ زادى تاپالمىدىم.

ئەمدى مەن كېتەي، ئىككىمىز دىل رىشتى بىلەن بىنا قىلغان گۈلزارلىقىمغا كېتەي، ئۇ يەردە سېنىڭ ھىدىڭ بار، ئۇ يەردە سېنىڭ كۈيۈڭ بار، ئۇ يەردە سېنىڭ قەدەم ئىزىڭ بار!

4

ھەر زاۋال پەسلىدە ئۇپۇقنىڭ خىلۋەت گىرۋەكلىرىدە بىر قىزنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالىمەن. تونۇش كۆزلەردە ھېترقاش، ئەپسۇس ۋە پۇشايمان......

مەن باھارنى كۈتۈۋالغاندا، سەن قاقاس باغرىڭنى كەڭ ئېچىپ كەلگىنىڭدە، مەن ئالەمچە خۇشلۇق بىلەن كۈتۈۋالىمەن، سۆيگۈزارلىقىمىز ئىككىمىز بىلەن تېخىمۇ ئاۋات بولىدۇ......



# كەچمىشلەر

## 1

بىز تونۇشمايتتۇق، ھاياتلىقنىڭ خىلۋەت ئاچىلىدا ئۇچرىشىپ، بىر- بىرىمىزگە ھەمنەپەس بولۇشتۇق. قول تۇتۇشۇپ داۋانلارنى، دەريالارنى، سايلىق، قۇم بارخانلارنى كەينىمىزدە قالدۇرغانىدۇق. زېمىن قان رەڭ شەپەق بىلەن خەيرلىشۋاتقاندا، سەلكىندەك يىراقلاپ كېتىۋاتقىنىڭ غېرىب چۈشلىرىمىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلىنىپ كەتتى.

رەھىمسىز كۈنىنىڭ بىزگە كەلگەنىدە خەسىسلىكى تۇتۇپ، قۇياشنى مەھەللىسگە قوغلىۋەتكەن چاغلىرى بولغان. نېمىشقا شۇ چاغدا كۆڭۈل پىنھانىمىزدىكى ئېيتىش مۇشكۈل بولغان ئاشۇ سۆزنى دېيىشمىگەن بولغىيتتۇق؟

ئالەم سانىسىزلىغان «نېمىشقا» بىلەن تولغان تىلسىم ئۇكىيان. ئىككىمىزنىڭ تىنىقىمىزنىڭ قوشۇلماسلىقىمۇ ئىككىمىزدىن ئۆزگىگە خۇپىيانە سىر ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇنلىكىنى سەندىن سورىماقچى بولسام، سەن مەندىن سورايسەن. ئىشقىلىپ تەقدىر مۇھەببەت دەرىخىمىزنى سىغىنىش بىلەن سۇغىرىپ ھازىرقىدەك ياشارتىپ كۆكەرتىپ تۇرسۇن دېگەن بولغىيمىدى، بىزگە تۇرمۇش يۈكىنى تەڭ كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلىنمىغانىكەن، ھېلىمۇ ئاشۇ خىيالىي ئۆيىمىزنى بۇ دۇنيالىقتىكى جەننىتىمىز دەپ بىلىمەن.

يۇلتۇزلار شولىسىدا سىر بار. ئۇنىڭدا توقۇمچى قىز بىلەن

پادىچى يىگىتنىڭ قىسمەتلىرى ئايان. مەن كۆك قوينىنى ساڭا باغلانغان خىياللار ئىلكىدە تاماشا قىلىۋاتسام، ئەسلىمىلەرنىڭ دەرپەردىسى ئېچىلىپ كەتتى. نەقەدەر ئەزگۈ، نەقەدەر گۈزەل چاغلار ئىدى - ھە؟!

ھۇۋلاۋاتقان شەھەر ھاياتى يوشۇرۇن ۋە دەھشەتلىك ئېلېكتىر زەرەتلىرى بىلەن ئادەملەرگە ئايدىڭنى ئۇنتۇلدۇرغان ئوي - خىياللىرىم بۈگۈنكى كۈندە، سىيمايىڭنى نېمىگە ئوخشاتسام بولاركىن؟ ئوي - خىياللىرىم سۈكۈتلۈك سىردىششلاردىن پۈتكەن تەسەۋۋۇر دۇنيايىمغا چېچىلغاندا، شۇنچىلىك پىنھان، شۇنچىلىك گۈزەل.

ئاسمانىنىڭ بىر پارچىسىنى كۈنلۈك قىلىپ يامغۇر ئېقىنىدا ئالدىرىماي كېلىمەن. قولدىن كەتكەن بەخت، يىراقتا قالغان تاتلىق ئەسلىمىلەر، بىمەھەل چۇل - چۇل بولغان سۆيگۈ ئەينىكى، ھەممە، ھەممىسى ئىككىمىزگە مۇڭلىنىپ باقىدۇ. ئۇلار ئەمدى كۆرۈنمەس يۇمران قوللىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈشنى ئىزدىمىسۇن، نېمىشقا دېمەمسەن؟ چۈنكى، بىز يەنىلا بەختلىك، سېغىنىش زەنجىرىگە باغلانغان ئىككى يۈرەكنىڭ تەلپۈنۈشى سۆيگۈ ئالىمىنىڭ سەلتەنىتى ئەمەسمۇ؟

## 2

پايانسىز ئوكياندىكى يېگانە بېلىجاندەك تەقدىر - نىشانى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بىقادىر ھالەتتە، ئەتراپىمدىكى شاۋقۇنلۇق دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا مەقسەتسىز كېتىۋاتقان مەن ئىدىم.

ئايدىڭ ئاخشىمى قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ھەسرەت، پۇشايمان، ئارزۇلارغا تولغان سۆزسىز مۇلاقەتلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ئوكياندىن چوڭقۇر. بىز نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟

ئىككىمىز تۇيۇقسىز ئۈچرىشىپ قالىمىز. باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق تەبەسسۇم، جەننەت گۈلىدەك زىبالىق، مۇشكى - ئەنبەردەك داۋالىق ھىد تاتلىق قىيناقلىرى بىلەن مېنى ئۆزىمگە مىخلاپ قويىدۇ. لېكىن، تىلىم، قەلبىم، جىسمىم سۈكۈتتە. شۇ قىممەتلىك دەملىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتى دەھشەتلىك، بۇنى مەن بىلىمەن. شۇڭا، سورىغۇم كېلىدۇ:

— سېنىڭ جېنىڭنى ئىگەكىدەۋاتقان، مېنىڭ يۈرىكىمنى يەۋاتقىنى زادى نېمە؟

## 3

ئۆز خىيالى ئىچىدە يۈرۈش ئوكيانىدا يۈرگەنىدىنمۇ لەززەتلىك. مەن ئۇنىڭدا سېنى كۆرىمەن، چولپاندەك چاراقلاۋاتقان كۆزلىرىڭگە قانغىچە تىكىلىپ يىراقتا قالغان ھايات قىسمەتلىرىمىز ئۈستىدە ئويلاپ پىچىرلىشىمەن. ئىھ، مۇھەببەت تۇغىنىنىڭ پاكلىقىنىڭ ھىمايىچىسى، گۇناھتىن خالىي ھايالىق قىز، سېنى سۆيۈش نېسىپ بولمىغانىكەن. لەۋلەرنىڭ سۆيۈشۈشىنى ھېلىھەم خىيال قىلىپ باقمىغانلىقىمنىڭ ۋەجىنى بىلىپ قال.

## 4

قەلب ئېكىنزارلىقىڭنى مۇھەببەتلىك يۈرىكىم بىلەن سۇغارغان بولسام، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان دەريا بويلىرىنى، ياپيېشىل چىمەنزارلارنى، قارلىق داللارنى بىرگە سەير ئەتكەن بولساق، تىرىكچىلىك ھارۋىسىنى تەڭ ئىتتىرىپ، روزىغار قۇرۇپ، سىرىقتال، ئەمما ئىناق ئائىلىنىڭ ھەرقاچان راھەت - پاراغىتىنى نامايىش قىلالىغان بولساق - ھە؟!

## 5

ياشلىق ئۈچقۇنلىرى مەشئەل بولۇپ ياندىغان شۇ يىللارنىڭ قەلبىمىزدە ئويناق ھاياجان، مەڭگۈ ئاخىرلاشماس ئەسلىمە، ھەسرەت ۋە پۇشايمان قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئەپسۇسلىنارلىق بىر قىسمەت بولدى. ياشلىق پەسلىمنىڭ ئالتۇن جاملىرىدىن قويۇلغان ئاشىقلىق شارابىنى قانغۇچە ئىچىپ ئۆزۈمنى جاھاندا بىر ساناپ يۈرگەن كۈنلەردە، خىيالىي جانانىمنىڭ سەن بولۇپ چىقىشىڭ مېنى خۇشلۇققا ئىرىشتۈرگەنىدى.

روھى چېكرا پاسىلىمدىن ئىختىيارىي، ئەركىن، گۈلگۈن ھالەتتە كىرگەن ئۇن توققۇز ياشلىق لالە، ئارىدىن ئۇن نەچچە باھار ئۆتكىنىدەك، ئۇن نەچچە زىمىستانمۇ تۇيۇدۇرماي ئۆتۈپ كەتتى......

باشتىن ئۆتكەن قىسمەتلىرىمىز ساڭا ئايانغۇ؟

ئادەم ئىرىشمەن دەپلا نىيەت قىلغاننىڭ ھەممىسگە ئىرىشەلمەيدىكەن. ھەممىگە ئىرىشۋەرسە، ئۇ ئارمان، يوقتىشنىڭ بىر مەررە تەمىنى تېتىيالمىسا، ئىرىشكەنلىرىنىڭ قەدرىنى قانداق بىلسۇن؟ ئويدىن پۈتكەن مەخپىي سېغىنچلىرىنى باغرىغا مەھكەم تاڭغىنچە كىملەرگىدۇر بەخت تىلەۋاتقان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىغا قانداق ئىشەنسۇن؟

## 6

ماڭا ئېيتار سۆزۈڭ بارمىدى؟ ئەمىسە قۇلىقىم سەندە!

ۋېلىسىپىتلىرىمىزنى يېتىلىگىنىمىزچە ئىككى يېنى قاپاق تېرەكلىك توپا يولدا، زادى بۇ يولنىڭ قەيەرىگىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەك بولغاندەك لەيلەپ مېڭىشلىرىمىزدا، قەلب قەپىسىمىزدە تۇنجۇقۇپ قالغان ئىزھار قۇشلىرىمىزنىڭ ئەمدىلىكتە ئېرىلىپ قالغانلىقى بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ قۇش — تەگرىنىڭ بىز

ياشاۋاتقان پانىي ئالەمگە ئەۋەتكەن ساداقەتمەن خەۋەرچىسى. ئۇلار يىللارنىڭ قار- بورانلىرىدا شىششقداپ كەتكەن قاقشال دەرەخلەرنىڭ قارىدا، تەبىئەتكە ھەۋەس كۆزى بىلەن باقىدىغان بالىلارنىڭ سۆگەتنىڭ ئاچماقلىرىغا تۇرغۇزۇپ قويغان پۇچۇق قاپاق - نوگايلىرىدا، يارلىقتىكى تەبىئىي چاڭگىلاردا ماكان تۇتماي قەلبىمىزنى ئۇۋا قىلىۋالغانلىقىنى ھېچكىمگە تىنما.

## 7

— قۇياش كۆيۈپ كەتمىسلا، يۈرەكنىڭ كۈل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇياشمۇ، يۈرەكمۇ چوغ ئالىمى.

گېپىڭ توغرا، يەر شارى تۆت پەسىلنى دەۋرلەشتۈرۈپ توختاۋسىز ئايلىنىپ تۇرغىنىدەك، تۇرلۇك - تۈمەن قىسمەتلەرنىڭ ئىختىراچىسى، ئىدراك، ھۆكۈمچىسى بولغان يۈرەكمۇ تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى ئالمىشىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر - ھە؟

قاچانلاردۇر شۇ خىيالغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇنداق بولغىنىدا، مېنى قىيناۋاتقان، سېنى ئازابلاۋاتقان بىر پارچە گۆش ھاياتلىقنىڭ يۈكسەك لەززىتىنى، مۆجىزىكارلىقىنى ئىسپاتلار ئىدى!

زېمىن ئاق ئەتىرگۈلنىڭ يۇمران سۈزۈك بەرگىلىرىگە قۇچاق ئاچماقتا. دېرىزىنى ماكان ئەيلىگەن قاتما گۈللەر ياش تۆكمەكتە. بارماقلارنىڭ پىيانىنو تىللىرىنى يىغلىتىپ، تىنماي يۈگۈرۈشلىرى يۈرەككە پاتمىغان سېغىنىش كەلكۈنىنىڭ دەبدەبىلىك دولقۇن تاشلىشىدۇر.

سەن تۇغۇلغاندا زېمىن تەبەسسۇم قىلغان، كائىنات تەنتەنىگە چۆمگەن بولغىيتتى. سېنىڭ تۇغۇلۇشۇڭ، سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ

ئۆزلۈكۈمگە ئاجايىپ يارقىنلىق ئاتا قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ چەكسىزلىك ئالىمى يەنە سەندە ئىپادىسىنى تاپقان. سەن بار، سەن بولغاچقا پۈتكۈل كائىناتنىڭ رەڭ، يورۇقلۇقىنى ھېس قىلالايمەن، سېنى كۆرگۈم كېلىدۇ، شۇڭا ئىزدەيمەن.



# كۆيۈۋاتقان سۈرەت

## سۈرگۈن قىلىنغان سۈرەت

سېنىڭ سۈرىتىڭ، ئۆچۈش ئىمكانىدىن مەھرۇم بولغان ئوت! ئۇنى شىرەيىم ئۈستىدىكى ئەينەك ئاستىدىن ئاخىر ئېلىۋەتتىم.

يېڭى دۇنيا، يېڭى ماكانغا چىققان سېھىرلىك كۆز، يېتىمسىراش ئىچىدە قىيا باقىدۇ. ئاپپاق شارپا سالغان قىز، مەن سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى ئىدىم، ئۆتمۈش تىنىقىدا ئېرىپ كەتكەن ئۇ دەملەر، ئەمدى سەزگۈ دۇنيارىمغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئوي - خىيالىمنى پەرەختەن قىلىۋېتەلەيدۇ!

ئۇنتۇش، سەن ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان خائىن تۇيغۇ!

بىز ئۆتمۈش بىلەن يىراقلاشقانسېرى چۆچەكچى بوۋايلار قېرىيدۇ. بىزنىڭمۇ سىرلىرىمىز، يوشۇرۇن كۆيۈشلىرىمىز رىۋايەت قىلىنسا نەقەدەر تەسىرلىك بولار - ھە؟! بىز يالتىراق قەسەملەردىن خالىي ئىدۇق، شەرم - ھايالىق مۇھەببىتىمىز بىلەن يېگانە ئىدۇق.

سېنىڭ سۈرىتىڭ، يالقۇنجاۋاتقان بىر قوچاق چوغ!

ئۇنى ئېلىۋاتقىنىمدا «كونا خامانىنىڭ ئوتى» يېلىنجاپ، ۋۇجۇدۇم يەنە بىر مەررە ئوت ئىچىدە قالدى.

ئۇنتۇيالماسلىق ئازاب، ئۇنتۇشمۇ ئوخشاشلا ئازاب!

مەن سۈرىتىڭنى كۆز ئالدىمدىن ئېلىۋەتتىم دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇنى قەلب خانەمنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويغانىكەنمەن.

## QQ دىكى قىيامەت

گاز تۇڭى پارتلىدى......

ئەينەكلەر چاراسلاپ سۇنۇپ، تېرىقتەك - تالقاندەك ئۇۋۇلۇپ مۆلدۈر بولۇپ يېيىلغان شۇ دەقىقىدە، قۇياشنىڭ كۆزىدە چاقماق چېقىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟!

تۇرۇبا جومەكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئوت پۈركۈۋاتقان يىلاننىڭ جام كۆزلىرى ئالدىدا گۇناھىڭغا توۋا قىلالارسەنمۇ؟!

ساداقەتسىزلىكىڭنى يەنە تەن ئالمىساڭ، ئەتىرگۈللەر سولىدۇ، يارقىن مەنزىللەر خىرەلىشىدۇ. مەۋجۇتلۇق بىلەن يوقلۇق ئارىسىغا كۆز ياش بىلەن تەگلىك قويىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ تېخى.

تىنىقىم ئۈزۈلۈپ يۈرگەن ئۆي قەسىرىڭدە تەنتەنە قىلىۋاتقان تەسۋىرلىرىمنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنىڭنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسەن؟

كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسىغا چۈشكەن بىر تال چېچىم، ئۇيقۇغا تەقسىملەنگەن كېچىدىكى ئوي - خىياللار......

ئىھ، ئالدامچى گۈل، ئىست، ساڭا بەرگەن كۆڭۈل، ئىست، ساڭا بەرگەن ۋاقتىم.

«خوش» دېيىشكە بەلكىم ئۈلگۈرەلمىگەنىسەن، بىزنىڭ يۈرتىنىڭ ئەزىز تۇپرىقىدىن ئايرىلغان گۈل! سېنى قەلب دەشتىمنىڭ پىنھان ئېكىنىدە مۇقەددەس ئارمانلىرىم بىلەن سۇغىرىپ كەلگەنىدىم. سېنىڭ بىنا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە تىزىپ قويىدىغان تەشتەك گۈلگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىڭنى بىلدىم.

## ئۇ......

ئۆركەشلىگەن تەكلىماكان قۇملۇقى مەست ئەرنىڭ ئۆيگە ئاقماقتا، ئىشىك - دېرىزىلەردىن بىر تامچە - بىر دانىچىدىن كىرىپ تۇيدۇرماي باسقىن قىلماقتا.

يات نازىنىن بىلەن كۆز ېقىشقاندا، رەزىللىكنىڭ ئان سۈيى رەڭسىز رومكىلارغا شىرىلداپ قۇيۇلغاندا، غۇرۇرىمۇ تاشلاپ كەتكەن ئەر خورلانغان ۋاقىتنىڭ سەكراتقا چۈشكىنىنى قانداق بىلسۇن؟!

مەستنىڭ ئايالى بولۇشنىڭ ئىزتىرابىنى سەندىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. سائەت ئىستىرېلكىسى ۋاقىتنىڭ كۆزىگە يا ئوقىدەك سانجىلىپ، ئۈنسىز يىغلايدۇ.

ئىھ، ئەخلاق ۋەتىنىدە يىلتىز تارتقان ساداقەتمەن ئايال، ئېرىڭ كەلمىدى، ئوچاقتىكى سۇيۇقئېشىڭ سوۋۇپ قالدى......

سەن ھۇجرىغا دۈملىنىپ كۆز يېشىڭ بىلەن يۈزىڭنى، يۈرىكىڭنى يۇيماقچى بولىسەن.

مەن دېرىزەڭگە قاراپ خورسىنغىنىمچە ئۆتۈپ كېتىمەن......



# قارلىق ئاخشامدىكى شەمسىيە

ئېھ، ئاپرىلنىڭ چېچەكلىك كۈنى،
سېغىنىشتا مۆكلاندى بۇ تۈن،
قەلئەلەردىن ھالقىيدۇ ئارمان،
كېلەرسەنمۇ ئەتە يا ئۆگۈن؟

جۇدالىق شەمشىرى پاك سۆيگۈنى قەتلى قىلدى!

سەن بۈگۈندىن باشلاپ كېتىسەن. ماڭا ئەمەس، باشقا بىرسىگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىسەن، شەمسىيە. بەختىمنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، كۆلپەتلىك سۆيگۈ قەلبىمنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ. بىز سۆيۈلگىنىمىز ھەم سۆيۈشكىنىمىز ئۈچۈن ۋىسال شارابى ئىچىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدۇققۇ؟!

بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ، مەن ئۈچۈن مۇسىبەتلىك كۈن. يېڭىلا بېزىگەن ئۆيۈمنىڭ كۈنپېتىش تېمىغا ئېسىقلىق رامكىلانغان سۈرەتتىكى ئەتلەس كۆكلەكلىك دىلرەبا ئېغىر تىنىقلىرىمغا تەڭكەش بولۇپ ھەسرەتلەندى. شەمسىيە، بىز دېكابىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ۋەدىلەشكەنىدۇق. كائىنات ئاپپاق قاردىن پاكلىق لىچىكى ئورىغان ئاشۇ ئايدىڭ ئاخشىمى ھېلىمۇ ئېسىڭدىدۇر؟!

سېنىڭ زەڭگەر ئاسماندەك قاتتىق كۆزلىرىڭ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى يۇتۇپ كەتكەنىدى. تۇۋا، سېنىڭ سەلكىندەك پىچىرلاشلىرىڭنى، كىرپىكلىرىڭدە پەيدا بولغان سۇپسۈزۈك قەترىنى نېمە دەپ چۈشەنگەن بولغىيتتىم؟!

ھال رەڭ چېچەكلەر تۆكۈلۈپ بوز توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن گىرىمسەن چىغىر يول مېنى چاقىرماقتا. ئۇ چاغلاردا تەبىئەت رەسسىدە بولغان قىزدەك ھۆسنىگە تولۇپ، ئادەمنىڭ زوقىنى تارتاتتى.

— مېنى سۆيەمسەن؟

— ......

— نېمە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— جېنىم بىلەن سۆيىمەن، بىراق......

سېنىڭ مەھەللەڭگە كېلىپ قالغاندۇق. بىز شۇنداق ئايرىلىپ كەتتۇق.

يول، ئاددىيلا قەغەز. ياق، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى. ئۇنىڭغا پەقەت تاۋار سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئۇنىڭغا كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى، كۆڭۈلنى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شەمسىيە، سەن بىباھاسەن، جېنىمدىن ئەزىزسەن!

قاچاندۇر توي تارتىپ كەلگەن كىچىك ماشىنىلارغا ئىختىيارسىز قارىدىم، «پاسسات» ماركىلىق ماشىنىدا يەنە ئوتقاشتەك ئەتلەس كۆڭلەككە پۈركەنگىنىڭچە ئولتۇرۇپسەن. نېمىشقا سېنى يەنە بىر قېتىم، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئاقمۇ، سېرىقمۇ، قىزىلمۇ، يېشىلمۇ...... خىلمۇخىل رەڭلىك پىكاپلار رەتلىك تىزىلىپ ئۆتمەكتە. مەن ئاقۇچ چاڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدىم.

مەن چېچەكلىك مەھەللىگە يەنە كەلدىم، ئىككىمىز ئىسمىمىزنى ئويۇپ قويغان ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلەندىم. سەن يۇمشاق قەدەم تاشلاپ كېلەتتىڭ، بۇدرۇق قوللىرىڭ بىلەن مەڭزىمنى سىلاپ تۇرۇپ قۇلىقىمغا نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلايتتىڭ. شۇ چاغدا دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ سەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە

غايىب بولدۇڭ. ئەمدى تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ شاھىدى بولغان بۇ گۈزەل شەھەرنى قارا قويۇن باسىدىغان بولدى. مەن ئەسلىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر شەھەرگە بارسام، ئۇ يەردە كۆندە قار يېغىۋەرسە قارلىق ئاخشامدىكى ئۇچرىشىشىمىز يەنە ئەسكە چۈشەرمۇ؟!

كېلەرسەنمۇ ئەتە سەن گۈلۈم،
يوللۇرۇڭدا قالدى تەلمۈرۈش.
ھىجرانلاردىن توزىدى بوران،
دىكابىردىن ئۈزىدى كۆتۈش.

كەتكەنمىدىڭ يىراق بىر يۇرتقا،
كەتكەنمىدىڭ ئاينىڭ ئۆيىگە؟
قايتىلانماس، ئەمدى كور قىسمەت،
مەن پالاندىم ھىجران چۆلىگە.

1995 - يىلى يانۋار، يەكەن



## ئۆكتەبىرنىڭ بىر شەنبىسى

1

مەلىكەم، كۆزلىرىم كەشتىلىگەن ياش پەردىسىنى تويۇڭغا تارتۇق قىلاي!
توي كېچەڭدە ھىلال ئايغا ئايلىنىپ بىر كېچە تۈنىدىم. ساڭا بولغان ئىشقىم قومۇش نەيىنى ئايرىلىش كۈيلىرىگە چېلىپ تالدى. كوچاڭدىن ئەمدى ھىجران ناخشىسى ئاڭلانمايدىغان بولدى.

2

سېغىنىش، يۈرەك مۇڭلىرى قىيامىغا يەتكەندىكى يۈكسەك تەلپۈنۈشتۇر.

3

ئىنتىزارلىق ۋىسال پەيتلىرىدە مۇھەببەت جامىدىن لەززەت شارابى سۇنالمىدىڭ.
ئاق ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىدەك تىتىلغان سۈرەت ئىچىنىشلىق نالە قىلماقتا. بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن تولىمۇ سوغۇق ھەم مۇدھىش. ياشلىق كۆزلىرىمىزدە سىيمالىرىمىز شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. خەير، كەينىڭگە قىيا باقماستىن تەمكىن قەدەملىرىڭ بىلەن كېتىۋەر!

# نىگارغا ئېيتقان ھېكمەتلەر

## 1

سەن ئاسماننى، دەريانى، سەھرانى قېرىمايدۇ دەيسەن. توغرا، ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ، ئەبەدىي مەۋجۇتلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر. ۋاھالەنكى، ئۇلار قېرىمىغان بىلەن ئاسماننى يېپىنچا قىلىۋاتقان، دەريا سۈيىنى ئىچىۋاتقانلار قېرىيدۇ، بىزمۇ قېرىيمىز. لېكىن بىر نەرسە، يەنى مېنىڭ ساڭا بولغان سۆيگۈم مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدۇ.

## 2

سەن سۇمبۇل چاچلىرىڭنى يېيىپ، ئەگىم ئايدەك قاشلىرىڭنى بىر- بىرىگە جۈپلەپ، سېغىنىشلىرىڭ بىلەن ئۆتەر يولۇمغا سۇ چېچىپ كۈتۈپ تۇراتتىڭ.

ئالۋۇندەك ئوچۇقچىلىق سەزگۈمنى ئالداپ قويغانىدى...... ئۇ سەن ئەمەس ئىدىڭ!

ئۇنىڭ تېنىدىن كىشىنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراق تارايتتى، ئۇ خۇددى چۆل باغرىدا ئېچىلغان يېگانە گۈلدەك جەزبدار ئىدى.

كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ساھىبجامالغا قارىغان كۆزلىرىم ئاشۇ ئۈچ سېكۇنتتا ئۇنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىكىنى سۈرەتلەپ بولدى. مەن يولۇمغا كېتىۋېرىش قارارىغا كەلدىم.

ئۇ ئەدەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى، ماڭا سالام قىلدى، بۇ ئۇزاق يولنى بىللە باسماقچى بولدۇق.
تەڭرى ئايال زاتىنىي قوغدىسۇن دەپ ئەركەكلەرنىي ياراتقان. مەن داۋانلاردا، دەريا، سازلىقلاردا ئۇنىڭ قولىدىن تارتتىم. چۆللەردە يىرتقۇچ هايۋانلار، قاراقچىلاردىن قوغدىدىم.
بىز نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىر مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تارتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ناز - كەرەشمە ئوينايتتى. مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. ئۇ غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولدى ۋە بىردىنلا ۋەهشىي مەلئۇنغا ئايلاندى. مېنىڭ ئىززەت-غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرۇپ، يۈزۈمگە قارا سۈركەپ سازايى قىلدى.
يول، هەمراهىڭنى سىنايدىغان ئىمتىهان. سەپەردە بولۇمسىز هەمراھ بىلەن بىللە يۈرسەڭ، ماڭا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولىسەن.

## 3

قارا بۇلۇت هامان تارقايدۇ، كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ. مەن ئاخىر سېنىڭ ئالدىڭدا پاك ئىنسان سانالدىم. مەن هازىر يول يۈرسەم دوقمۇشتىكى قىزلارغا قارىماي ئۆتۈپ كېتىمەن، شۇڭا سېنىمۇ كۆرمەي قالغىنىم شۇ سەۋەبتىن.

## 4

ئالتۇن ئاي ساڭا يەتمەيدۇ دېسەم كۈلمە!
ئاسماندىكى ئاي جاهاندىكى هەممە ئادەمنىڭ ئېيى بولسا، سەن بىرلا مېنىڭ ئېيىم.
ئاسماندىكى ئاي ئون بەش كۈن كۈلۈشتىن، جاهانغا چېھرىنى كۆرسىتىشتىن مەھرۇم بولغىنى بىلەن، سەن مەڭگۈ پاتماس نۇرلۇق قەمەر سەن!

# يەكىنى يوق شەھەر

ئەختەر يۇلتۇزلار كۆك قەھرىگە دۇر بولۇپ چېچىلغان مەھەلدە، مەن يېگانە ئارالدا تۇرۇپ مەنۋىيىتىمنىڭ غەلىيانلىرىغا چۆككەنىدىم. سېنى بەخت ھۇجرىسىدا ھۇزۇر سۇرۇۋاتىدۇ دەپ قىياس قىلغان چېغىمدا، مەن ئاخىر سېغىنىش ئازابى ئۈستىدىن غالىب كەلدىم.

دولقۇنىسمان چاچلىرىڭنى ھىدلىۋالمىدىم، مەن ئۇنداق قىلسام بولمايتتى......

بىر چاغلاردا ئاق قەغەزدە لەگلەك ياساپ كۆك قەھرىدە ئۇچۇرغانلىرىمدا، يېنىمدا يىپ سىيرىشىپ بەرگەن مىنۇتلىرىمىز ئەمدى قايتىلانمايدۇ.

سەن يىراقتا، مەنمۇ ھەم......

ئەرىشتىكى كەپتەرلىرىڭگە دان بەرگەچ قۇياش نۇرىدىن ئەۋەتكەن سالىمىمنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولساڭ، بىر تال نۇر چېكىتى بولۇپ دېرىزەمدىن كىرگىن بولامدۇ؟

يىراقتىكى شەھەردە تۇرمۇش پاراۋان، نەگە بارساڭ ئېچىل داستىخىنىم تەييار. مېھمانخانا ياتىقىدىن سىرتقا قارىغىنىمدا، چېركاۋدىكى شام تويىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان يورۇقنىڭ ھەربىر توچكىسى بىر دېرىزە، دېرىزە كەينىدە ئادەم بار، ئادەم بار يەردە نۇر، يورۇقلۇق بار......

بۇ يەردە مەھەللە مەسچىتى تەرەپتىن كېلىدىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ، قوشنىمىزنىڭ خورىزىنىڭ چىللاشلىرى

ئاڭلانمايدۇ. سېنى كۆرۈش ئىستىكىدە سايىدىغان بولۇپ ئۇلتۇرۇۋالىدىغان سېدە دەرىخىنى بۇ يەردە بىر ماشىنا ئالتۇنغا تاپالمايسەن. ئادەم قىزىق ھەم ئاجايىپ، «ئۈتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئۈتى يوق» دېگەن شۇ. ئاسمان بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دېڭىز ساھىلى، ئالتۇن رەڭ ئاپتاپقا باش ئېگىپ تۇرغان زەيتۇن دەرەخلىرى، سايراپ ھارمايدىغان رەڭدار قۇشلار...... سېنى سېغىنىدۇرىدۇ. مۇشۇ دەمدە سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ ـ ھە؟!

ئادەملىرى ناتونۇش، يوللىرىدىن توپا تاپقىلى بولمايدىغان بىپايان شەھەر، مېنىڭ ساڭا ئاتاپ ئېچىلغان كۆڭۈل سەھىپەمگە يەنە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ قويدى. بۇ يەردە سەن ماڭا ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان قېتىقچى موماي، ئۈتۈنچى بوۋاي يوق، بادام دوپپىسىنى قىرلاپ كىيىپ مەشرەپكە ماڭغان بوز يىگىتلەر بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ئۆز ياسانغان مەلىكىلىرى يوق...... ساڭا ئوخشاش بوتا كۆز، مېھرى ئىسسىق ھۆر پەرى بۇ يەردە يوق......

سەن يەكەننىڭ قەدىمىي كوچىسىدىكى قوشنامنىڭ قىزى، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ شادى، يەنە سەن خۇشلۇقۇمغا جان بەرگۈچى نۇر-زىيا سەن!



# بەخت ئىزدەۋاتقان قىز

## 1

ھەي قىز، ئارزۇلىرىڭ يۇلتۇزلارغا تېۋىنغاندا، چاناقلىرىڭدا تەمتىرىگەن ھەسرەت ياشلىرىڭ قىيانغا ئايلىنىپ، چوشۇڭدىكى بىر سىيمانى يۇتۇۋېتىشكە تەييار. ۋۇجۇدۇڭ سۈكۈناتقا ئەسىر بولۇپ، مەخپىي كۆڭۈل ئىزھارىڭ ئۈنسىز نالە قىلىدۇ......

## 2

ھەي قىز، ھالسىرىغان ئەقىدەڭ ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ كۆزلىرىڭدىكى يوقىلىۋاتقان ئىشەنچ ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتتى. كېرەك يوق، بەزىدە ھەسسىلەپ سۆيگەن ئادىمىمىز قەدرىمىزنى بىلمەي قالىدۇ. سەنمۇ شۇ، مەنمۇ ھەم.

## 3

ئەي بەختسىز قىز، مەن بوينۇڭدىكى ئالتۇن زەنجىرگە ئوخشايمەن، ساڭا گۈزەللىك بېغىشلايمەن، ئەمما مېنى خالىغاندا ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلالمايسەن.

## 4

مەن ساڭا خۇشلۇق بېغىشلاشنى ئىزدەيمەن، ئەمما سەن ماڭا

ئازابىنىڭ نېمىلىكىنى قەدەمدە بىر ئەسلىتىسەن.

## 5

مەن ساڭا يېتىشىۋالىمەن دەپ خالتا كوچىدا تېنەپ يۈرگەنلىرىمدە، مەندىن قاچتىم دەپ ئالدىمغا چىقىپ قالغىنىڭنى قارا.

ئەي بەختسىز قىز، ئەمدى چۈشەنگەنسەن، شۇڭا ئىككىمىز شۇنچىلىك ئارىلىقتا تۇرساقمۇ، مەڭگۈ بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىمىز......

## 6

بوز تورغاي، ھۇزۇرلۇق ناۋايىڭ بىلەن چۈشلىرىم دەرۋازىسىنى چەككەنلىرىڭدە، مەن مەھبۇب بىلەن ئېرەمباغ سەيلىسىدە مەستخۇش ئىدىم. مەن ئاشۇ چۈشلىرىمنى مەڭگۈ ئاخىرلاشمىسىكەن دەيمەن.

قۇتۇپ يۇلتۇزى ئېپتاردىن دېرەك بەرگىنىدە، زەينەپ ئاشىقى ئۈچۈن سايراپ - سايراپ ھالسىراپ قان تۈكۈرگەنلىرىدە، شارابسىز مەستمەن. سېغىنسام دىلىمغا، چاقىرسام تىلىمغا ئەڭ يېقىن مەھبۇبنى بىلسەڭ مەيلى، ئۆزگىگە دېمىسەڭ.

سەن تاڭ ئەلچىسى. مەن ئەمدى قۇياشتىن بۇرۇن تۇرۇپ مەھبۇبەمنى سېغىنىمەن. بۇ ساڭا ئايان بوز تورغاي. ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇشكۇلات داۋانلىرىدىن ھالقىش ئۈچۈن تىركەشمىگەنلەر ئاشىق ئەمەس. شۇ ھەقتە يېقىملىق چوچۇلاپ زېمىننى چاڭ كەلتۈر.

مەن ئاشۇ مەھبۇبنى ئويلاپ بىئىختىيار ئۈيقۇ سەپىرىگە جۆنەپ كېتىمەن. چۈشلىرىم بىر دۇنيا، مەن بىپايان ئورمانزارغا

ئوخشاپ كېتىدىغان چۈش جەننىتىمدە ئاق تۇلپارغا مىنىپ، يىراق بىر سەپەرگە ئاتلىنىمەن. ئەگەر قۇياشتىن بۇرۇن كېلەلمىسەم مەھبۇبەمگە سالام ئېيتىپ قويالارسەنمۇ، بوز تورغاي؟



# سوۋغىتىڭ......

ماڭا سائەت سوۋغا قىلدىڭ......

ئۇنى سېنى كۈتكەنلىرىمنىڭ ئەسلەتمىسى قىلاي دېدىڭمۇ؟

سائەتنىڭ چىكىلداشلىرىدا يەر شارىنىڭ پىچىرلاشلىرى بار، دادامنىڭ غەلىبىدىن - غەلىبىگە ئۈندەشلىرى بار، سېنىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئارزۇ - تىلەكلىرىڭ بار.

بىلىيارت كۆزلۈك ئۈزۈك ئېلىپ بېرەي دەيمەن، قۇيما بىلەزۈك ئېلىپ بېرەي دەيمەن، بېشىڭدىن ئايغىڭغىچە ئالتۇن - جاۋاھىراتقا تولسا، يوللىرىڭدا رەڭدار گۈل - چېچەكلەر پايانداز بولسا، كۈلۈپلا تۇرساڭ!

سەن ئۇنىڭغا ئۇنىمايسەن، سېنىڭ تەبىئىتىڭدە ھەزرىتى ئائىشەگە ئوخشاش چىن ئىنسانىيلىق نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، سەن ئالتۇن نۇرلار ئىچىدە ياشايسەن، گۈل- چېچەكتەك ئېچىلىپ تۇرىسەن.

نۇرغۇن يىل بولدى، سەن سوۋغا قىلغان سائەت ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەتمەكچى بولغاندەك، ئىلگىرىكى رىتىمىدا چىكىلداپ مېنى كۈنلەردىن - كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرىدۇ.

يايرىم سوۋغا قىلغان قول سائەت، ئۇنىڭ ئىستىرېلكىسى ھاياتىمغا، كۈنلىرىمگە، ھەربىر دەقىقەمگە گۇۋاھ، مېنى توغرا يولدا مېڭىشقا ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەيدۇ. چىكىلداشلىرى، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈرلىشىگە سىڭىشىدۇ.

بىز ۋاقىتنىڭ ئۈندەشلىرى ئىچىدە ئالدىراش يۈرىمىز،

ئالــدىراش ئىــشلەيمىز. ســەن ســوۋغا قىلغــان ســائەتكە ھەر قارىغىنىمــدا، يېڭــى ھاياتنىــڭ پەللىــسىدە تۇرغانــدەك باشــقىچە روھلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ جاپالىق، ئەمما كۆڭۈللۈك ئىشىمغا خۇشاللىق بىلەن چۆكۈپ كېتىمەن.

مەن تـۇنجى مۇھەببەتنىــڭ كۆڭۈللۈك ئەستىلىكلىرى ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزىمەن، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتىمدىن ئۆكۈنمەيمەن.

چۈنكى، سەن سوۋغا قىلغان سائەتنىڭ چىكىلداشلىرى تومۇر سوقۇشۇم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن......



## قەلب قاشاسى

### 1

نەپرەتلىك نىگاھىڭغا يۈگەن سال ئەي دىلدار.
ساڭا ئاشىق بولۇش — خۇدانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان شاپائىتى. ئاشىقلىق كامالىتىدە ئىنتىلىشلەرنىڭ پەرۋازلىرى بىلەن قەسەمكى، مېنى شېپى كەلتۈرۈپ ساڭا قارا چاپلىغانلارغا لەنەتلەر بولسۇن!
مىسكىن نىگاھىڭغا هاي بەر گۈل!
كۆز ياشلىرىڭنى سۈرت!
پىنهان ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدە سۆز - چۆچەك قىلىشىپ كۆز يېشىغا سەۋەبكار بولغانلارنىڭ قارا يۈز بولىدىغانلىقى تاھىر - زۆھرە قىسسىسىدىن ئايان......
ناھەق ئوقۇبەتلەر ساڭا ئارتۇقچە ئىدى، ئەمما بەخت جەننىتى خۇش پۇراق گۈللىرى بىلەن بىزنى كۈتكۈسى.
يىغلىما گۈل، مېنى كۈت......
باشقىلارنىڭ قەلب قاشاسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇش ئۆزىمىزنىڭ قەلبىگە قىلغان ئاسىيلىق.

### 2

تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ. بىزنىڭ ئەجرىمىز سىڭگەنلىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىمۇ، يەنە بىز سۆيمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ.

## چىلىم ۋە ساۋاقدىشىم

تۇرۇم - تۇرۇم قۇرۇقلار مۇھاسىرىسىدە خۇنۇكلەشكەن چىرايلار، ھېلىلا ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان شامدەك كۆزلەر، يورۇق جاھاننى ئۇنتۇپ زۇلمەت دۇنياسىغا مەھكۇم ۋۇجۇدلار يەنە بىر مەرتە دوزاخ ئازابىدا پۇچۇلاندى.

ئىسىت، ساۋا! قايسى دەيۈز يۇكلىدى بەڭگە ئاتلىق ئەيىبنى!

ئىچىندىم، ئەجدادىك بىلەن ئەۋلادىڭغا قىلىۋاتقان تۇزكورلۇقۇڭغا؛ كەلگۈسۈڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن خاراب ئەتكەن تەقدىرىڭگە. بولسا، بۇلار خىيالىي ئۆتمۈشكە، چۈشكە ئايلىنىپ كەتسە، ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇمى بويىچە غىرىب - غۇرۋالارغا يامان چۈش ھەققىدە سەدىقە - نەزىر بېرىپ، قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىدا بەختىيار ياشاۋەرسەڭ.

چېكىشىڭگە، ئۆپكىدەپ يۆتىلىشىڭگە ئىچىندىم، بەتبۇي پۇراق مېڭەڭدىن تۇتۇن چىقىرىپ، ئەقىل - ھوشۇڭنى ھەپسىگە ئالغىنىنى «كەيپ» دەپ بىلگىنىڭدىن ئۇيات دوستۇم.

چىچىنى سۇپۇرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ ئائىلەڭنى گۈلدەك بېقىۋاتقان پەرىشتىدەك ئايالىڭ باللىرىڭغا گۆش - كاۋاپ ئېلىپ بېرىشكە قىيمىغان پۇلغا چىۋىنچىلىك مونەكنى ئالدىڭ. تۇۋا، ئۆزۈڭ بىلەن كەتسىغۇ مەيلىدى، يەنە ئۇچ خۇماردىشىڭنىمۇ ھالاكەت گىردابىغا بىللە سۆرەپ كىرىپ ئۇلپەت قىلىۋالغىنىڭدىن سەسكەنمەمسەن؟ قارا ئۇلارنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە،

زەپرەڭدەك سارغايغان چىرايى، ياپراقتەك تىترىگەن تەنلىرىگە.

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىڭدىلا مەكتەپتىن قېچىشلىرىڭ، ئاتاڭنىڭ ھۇنەرگە چىللاشلىرى، ھۇرۇنلۇق قىلىپ سېنى ھاراق، تاماكىغا بۇيرۇشلىرى سېنى داداڭ قىلغان كەيپىنىڭ لەززىتىنى سۇرۇپ بېقىشقا ئىنتىلدۇرگەنىدى. داداڭ بىر موچەنگە بىر سىقىم بېرىدىغان موخۇركىنى چىملىقتىن تېپىۋالغان گېزىت قەغىزىگە يۆگەپ چەككەن بولسا، سەن بىر قېپى ئون كويلۇق «پاپرۇس» چېكىشكە ئۆگەندىڭ. داداڭ بوتۇلكىسى ئۈچ كويلۇق «گۇچۇڭ» ئىچكەن بولسا، سەن بوتۇلكىسى 300 كويلۇق «ناپالىيون» ئىچتىڭ. ياشلىقىڭ كەلمەسكە كەتتى. بالىلىرىڭنىڭ يۈرىكى سۇ، ئايالىڭ مەزگىلسىز قېرىپ كەتكەن، ئاناڭنىڭ باغرى خۇن!

ئاتاڭنى ئەيىبلەشكە ھەددىڭ ئەمەس، «ئوغۇل بالا دېگەننىڭ بىرەر خۇمارى بولمىسا ئەركەك سانالمايدۇ» دېگەنلىرى بىلەن تۇنۇگۇنگە ئۇ ئەيىبلىك بولسىمۇ، بۈگۈنگە، ئەتىگە كىم ئەيىبلىك؟!

سەن ئەيىبلىك!

پۇشتى ۋە قوۋمىگە بەڭگىلىك ئىللىتىنى تاڭغانلار تارىخ، دەۋر سوتىغا بارغىلى ئۇنىمىساڭمۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ۋىجدان ھۆكمى ئالدىدا دارغا ئېسىلىدۇ! ھەي، ساۋاقدىشىم...... بالىلىقتىكى دوستۇم......

1997 ـ يىلى، يەكەن

# تۇرسۇنئاي

## 1

سۆيگەن يايىرىم تۇرسۇنئاي، ئۇن بەش كۆنلۈك تولۇن ئاي......

ناخشا مېنى پەرىشتىنىڭكىدەك يۇمشاق، مۇھەببەتلىك قوللىرى بىلەن تېخنىكوم ھاياتىمىزدىكى ئەزگۈ، قايناق، شاۋقۇنلۇق ئاشۇ پەسىلىمىزگە باشلاپ كەتتى......

خىيال ــ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ھايات سۆيەر ئىنسانلارغا سۇنغان ھەدىيەسى. خىيالىم ساڭا بولغان ئىنتىزارلىق بىلەن ئۈمىدسىز سۆيگۈمگە چىراغ ياقاتتى. يىگىت ئۈچۈن ئۆزىنى بىر قىزغا بېغىشلىۋېتىش، قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ كىمگە ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكتىن ئۆتە ئازاب بولمىسا كېرەك، تۇرسۇنئاي. خىيال چەمبىرەكلىرىم سانسىز، ھەتتا ئالەمگە سىغمىغۇدەك ئىدى. بىر- بىرىگە زەنجىردەك تۇتىشىپ كەتكەن پىنھان، تېۋىشسىز خىياللارنىڭ كۆزى سەن ئىدىڭ!

## 2

بىز ئايرىلغان شۇ كېچە، دەھشەت قاتتىق سوغ ئىدى. قاچان كۆرۈشەرمىز دەپ، كۆزلىرىمىز ياش ئىدى......

ئادەم ھامىنى بىر- بىرىگە مېھمان ئىكەن تۇرسۇنئاي.

كېتىشىڭنى، ئايرىلىشىمىزنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيتتۇق؟ گۈل بەرگىدەك يۇمران، شەبنەمدەك پاكىز مۇھەببەت ئارىدىن 13 يىل ئۆتكەندە ئاشكارا قىلىنغاندا، كائىناتنىڭ ئەركە پەرىزاتى قەمەرنىڭمۇ كۆزى ياشتىن خىرەلەشتى.

سەن شۇ چاغقىچە مېنى دوست ئورنىدا كۆرۈپ يېقىنچىلىق قىلدۇ، ئارتۇقچە خىياللىرىم بىھۇدە، دەپ ئويلاپتىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ باغرىمدىن تۆتۈن چىقارغۇدەك ئاتەشنىڭ كۆزلىرىمدىكى شولىلىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

خوشلاشقان كۈندە يالداما قىلغان ئالبومنى ھېلىمۇ ساقلاۋاتامسەن؟! سېنى قىيالماسلىق بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان مۇڭلۇق كۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەنمىگەنمىدىڭ؟

ئاھ، 13 يىل......

چىلان تورۇقتا مىنگەن باھادىر بىر مەلىكىنى ئېلىپ يىراقلارغا ۋىسال ئېلىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئەتراپ گۈزەل، كېچە شۇنچە كۆلگۈنچەك...... مانا ھازىر موتوسىكلىتىمنىڭ كەينىدە گەجگەمگە ئالەمنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ ئولتۇرىسەن. ئىككىمىز سېنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەنلىكىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن ساۋاقداشلار چېيىدىن قايتىپ ياتىقىڭغا كېتىۋاتىمىز.

— يىللار كەينىگە يېنىپ كەلسە قانداق بولار تۇرسۇنئاي؟ — سورىدىم مەن ئۇدۇل يولنى تاشلاپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە موتوسىكلىتىمنىڭ سۈرىتىنى ئاستىلىتىپ. سەن ئېغىر ئۇھسىندىڭ، كېچە قوينىدا مۇڭغا چۆمگەن مەجنۇنتاللارمۇ ئازابلىق سىلكىنگەندەك بولدى:

— يىللار خاتالاشسىمۇ قايتىلانمايدۇ.

سېنىڭ جاۋابىڭدىن ئالەمچە مەنىلەرنى چۈشەندىم.

## 3

قەيەردە سەن تۇرسۇنئاي، ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي......

ساڭا تېلېفون ئۇرمايمەن دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغانىدىم. ۋەجى، ئىككىمىزگە ئېنىق بولغان ئېھتىيات سىزىقىدىن ھالقىپ كەتسەم بولمايدۇ.

دوستلۇقنىڭ مۇھەببەتكە ئايلانمىقى مۈشكۈل بولغىنىغا ئوخشاش، مۇھەببەتنىڭمۇ دوستلۇققا ئۆزگەرمىكى ئاسان ئەمەسكەن. ئەمما، سەن ئۈچۈن مەن ھەرقاچان، ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشكە تەييار. سېنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالدىم. تىلەكلىرىم شاماللار ئارقىلىق خىيال روجەكلىرىڭدىن ئاستاغىنە روھ ھۇجراڭغا شۇڭغۇغاي.

بەختلىك بول! باھار قۇشلىرى، سەھەر سەلكىنى ئوتلۇق سالىمىمنى ساڭا يەتكۈزگەي!

# ئۆزۈم بىلەن سىردىشىش

## ئوتتۇز بەشىنچى ئۆتەڭدە

مەن چاپچىپ كېتىۋاتقان ئۆمۈر ئېتىمنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ توختاتتىم......

مەن ھاياتىمدا كۆپ ئىشلار، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ كەلدىم. لېكىن، دۇنيانىڭ، ياشاشنىڭ سېھىر تەكتىگە يېتەلمىدىم. بۇ ئالەم مەۋجۇداتلارغا باي. كۆزگە كۆرۈنگەن-كۆرۈنمىگەن تۈرلۈك - تۈمەن مەۋجۇدىيەت ۋە يوقلۇقنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاتاق - ئورنى بار. ئېھتىياج تۈپەيلى ياكى مەقسەتلىك - مەقسەتسىز ھالەتتە بىزنى ھەر كىملەرنىڭ چاقىرىشى تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟ مەن كىملەرنى ھۆرمەت - تەۋەززۇ بىلەن چاقىرغاندىمەن، كىملەرنىڭ يېنىمدىن تېزرەك كېتىشىنى ئويلىغاندىمەن. يەنە كىملەرگە ئېھتىرام گۈلدەستىلىرىنى تۇتۇپ، ئىسىم - شەرىپىنى روھىيىتىم خاتىرىسىگە پۈتۈپ قويغاندىمەن. مەن ئۆزۈم بىلەن بىر مەرتەم سىردىشىپ بېقىشنى ئويلىدىم:

— ھەي!

مەن كەينىمگە قارىدىم. ئۆمۈر سەيلىگاھىدا تۇلپار چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر قىران يىگىت ئوتتۇز بەشىنچى ئۆتەڭگە ئۇلاشقاندا مېنى ئەسكە ئالدى بولغاي، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى. مېنى تىترەك باستى. زېمىن تەۋرەنمەكچى، دەريالار چايقالماقچى، تاغلار

يەلكىسىدىكى قوراملارنى ئىرغىتىۋەتمەكچى بولدى.
......ئۆزۈڭ بىلەن بىرلەش، روھ پەرۋازىڭدا يۈكسەكلىكنى، پاكلىقنى، ئىپتىقادنى نىشان قىل. بۇ ئۆتەڭ مەنزىل ئەمەس، ئىپتىڭغا قامچا سال، ئالدىڭدا يەنە ئۆتەڭلەر بار، ئاخىرقى ئۆتەڭگە يەتمەستە ئۆزۈڭ ساڭا يېتىشىۋالغاي......
بۇ چاقىرىشتىن چىپپىدە توختاپ ۋىجدانىمنىڭ ئوتتۇز تۆت ئۆتەڭدىكى كەچمىشىمنى تەھقىقلىگەن مەۋھۇم نىداسىغا قۇلاق سالدىم......

## يىگىرمە ئالتىنچى ئۆتەڭدە

پەرزەنت......
بۇلار تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن ئالىي ئىنئامى، ھاياتىمنىڭ داۋامى، ئۆزۈمگە تەئەللۇق تەختىمنىڭ ۋارىسلىرى.
بۇ قونالغۇ ماڭا بەخت تۆشىكىنىڭ راھىتىنى ھېس قىلدۇردى. ئويلاپ باقسام، جىق ئامەت - قۇت ماڭا يار بولۇپتۇ، يەنە ئاز بولمىغان يوقىتىشلار يۈرىكىمنى يارا قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئېرىشىش بىلەن قۇربان بېرىش قوشكېزەك كېلىدىكەن. ھاياتتا قەدىرلىك نەرسىلەرنىڭ بىرىگە ئېرىشسەك، يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمىز.

## يىگىرمىنچى ئۆتەڭدە

ئۆزۈمنى چاقىردىم......
ئادەم ئۆچۈن ئۆتكەننى ئەسلەشتىنمۇ ھۇزۇرلۇق ھەم ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك.
...... مەن تۇنجى سۆيگۈنىڭ شەربەت شارابىنى ئاشۇ دىلرەبانىڭ چوغدەك لېۋىدىن ئىچكىنىمدە، ھايات تەلقىنىنىڭ

ناۋاكىشى مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

چۈشىنىش ـــ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق ئوردىسىنىڭ ئاچقۇچى.

خىلۋەتلەردە پىچىرلىشىش، دەريا ساھىلىدا قوغلىشىش، بېدىلىكتە تېپىشماق ئېيتىشىش، پىنھان ھېسلارنى خاتىرە بەتلىرىگە تۆكۈپ پۈتكەن «ئەسلىمە خاتىرە»لەرنى سوۋغا قىلىشىش...... بۇلار ھاياتنىڭ بىرنى دوست تۇتقان ھاياتنى قەدىرلىگەن، پاك مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغانلار ئۇچۇن سىزىپ قالدۇرغان نادىر سۈرىتى.

ئۆزۈم ئۆزۈمنى چاقىردىم...... يەنە بىر مەرتەم چاقىراي......

ئەمدى قايتىلانماس بىرەھىم رېئاللىق يۈرەكتىكى يەتتە قات چوڭقۇرلۇققا بەند قىلىنغان قوقاسنى پۈۋلەپ قويدى.

ئۇنتۇش!

ئەزگۈ دەملەرنى ئۇنتۇش ـــ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىش، ھاياتقا ئاسىيلىق قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

گۈل، ئاشۇ قۇت دەملەرنى ناگان ـ ناگان ئەسلەپ قالارسەن ياكى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇپ كېتەرسەن......

ياشلىق ئېقىنى ھاياتىمنىڭ رەڭدار جۇلاسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بۇلاپ كەتتى.

بەك ئۇزاق بولدى......

سۆيگۈ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋاپادارلىق شەجەرەلىرىنى نەققاشلىغان ئەي قىز، ئەمدى مەن سەندىن سۆيگۈ تەلەپ قىلمايمەن. پەقەت ئۇنىسىز سېغىنىشلىرىم بىلەن ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن.

## ئوتتۇز بەشىنچى ئۆتەڭدىن ئۇزاش

ھاياتىمىزنىڭ ئاشۇ دەملىرى قۇياشنى تەبەسسۇم قىلدۇرۇپ، ئاي ـ يۇلتۇزلارنى مۇڭلاندۇرغان، شامالLARنى ۋەسۋەسىگە سالغان ئەمەسمىدى؟

ئۇ قىز بەرگەن خاتىرە قېتىدىكى قۇرۇپ ئەۋرىشكىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر جۈپ رەڭدار كېپىنەك ھېلىمۇ بار. «ئەسلىمە خاتىرىسى» ئۇ قىزدىمۇ بار، خاتىرىلەردە شېئىر بار، ھېكمەت بار، يەنە كۆڭۈل بار...... مۇھىمى، قەلبىمدە يەنىلا مەڭگۈ قىز پېتى ياشىرىپ تۇرىدىغان پەرى بار!



# سېغىنىش

## 1

سەن بىلەن دىدارلىشىش قەلبىمنىڭ بۈيۈك ئارمىنى.
شاۋقۇنلار ئەۋجىدە مۇڭىدىن جۇدا ئاشىق، يىراقتىكى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ، ناگان ـ ناگاندا ئىسمىڭنى پىچىرلايدۇ.

## 2

قەدرىم ئۆتۈلەر بەلكىم يىللار ئۆرۈلۈپ ئەسلىمىلەر جادۇ كۆزلىرىڭدىن ياش ئاقتۇرغانلىرىدا. دۇنيادا شۇنداق بىر ئادەم ئۆتكەن سېنى پەقەت مەندەكلا ئەزىزلىگەن، چىن دىلى، بارلىقى بىلەن سۆيگەن. ئىنھايەت، چاچلىرىڭنى شامالاردىن، يۈزلىرىڭنى ئاپتاپتىن قىزغانغانىكەنمەن. بىر كۈنلەردە ئۆي كىشەنلىرىڭ ئاسارىتىدە قىينالغانلىرىڭدا مېنى چاقىرما. ئۇنتۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرەلمىگەن مەندەك بىر بەندىنى ئىزدەپ يۈرمە.

شۇنداق بىر كۈينى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، ئالەمنى ئاختۇرۇپ تاپالمايمەن، تەلمۈرىمەن زۆھەل يۇلتۇزغا قاراپ، چەكسىز خىيال باياۋىنىدا پۇرقەت كەبى سەرسانىمەن. مېنى ئىزدىمە، لېكىن سەندىن مېنىڭ دېرىكىمنى قىلغانلارغا ئۇ بار دەپ قويساڭلا كۇپايە، جېنىم!

## 3

ئېھ، كۆڭلۈم كۆكىدىكى ئەركىن ماھتابان، مېنى سېغىنغانسەنمۇ؟

ساڭا ئاتىغان سېغىنچىمنى يۈرىكىمدە ساقلاپ يۈرگىلى ئۇزاق بولدى.

سەندىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئوي قۇشلىرىم شاراب كوچىسىدىن سەكىنىدۇ. جاھان غوۋغالىرى نازىنىنلارچە خۇمارلىق كۈلۈپ مېنى بەزمىگە چاقىرىدۇ. نۇرىنى تۇمان باسقان رەڭۋاز گۈڭگا چىراغلار ماڭا باقىدۇ......

مەن ھەممىگە پەرۋاسىز ھالدا سېنى كۈتىمەن.

كۈتۈشنىڭ قىش پەسلى چېچەك باسقان گۈزەل باھارنى باشلاپ كەلمەيدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟

ئېھ، كۆڭلۈم كۆكىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى سېنى سېغىندىم.

## 4

مەن كۆي چەشمىلىرىگە ئايلىنىپ كەتسەم، قۇلىقىڭ تۈۋىدە يېقىملىق مۇڭ بولۇپ سېنى ئۇيقۇ باغچىسىغا باشلىسام، چۈش چەشمىلىرىڭ ئىچىدە ۋىلىقلاپ كۈلگىنىڭچە كۆز ئالدىمدا قايتا زاھىر بولساڭ.

مەن سېنىڭ كۆيچىڭ، سېنىڭ رەسسامىڭ......

مېنى چۈشلىرىڭگە چىللىساڭ بولماسمۇ؟ ئارمان سۆيگەن تاڭ شەپىقىگە يۈزلەنگەن بىپايان توغراقلىق، كېلەچەك ئەھدىلىرىمىزگە گۇۋاھ بولاق بويلىرىنى كۆرگۈڭ كېلەمدۇ؟ قول تۇتۇشۇپ ماڭغىنىمىزچە قانماي مۇڭداشساق تەبىئەت كۆڭۈل كۆيىمىزگە جور بولغان بولسا - ھە؟

مەن سىنىڭ كۆيچىڭ، سىنىڭ رەسسامىڭ......

يۈرىكىمگە چىقىن تاشلىغان ئاشۇ تەبەسسۇمىڭدىن كېچە كۈندۈزگە ئايلىنار ئىدى. ئاسمانغا چىچىلغان لەئلى ياقۇت ـ جاۋاھىراتلارنىڭ ئاي بىلەن قۇرغان شىرىن سۆھبەتلىرىنى بىرگە ئاڭلاش يەنە نېسىپ بولغان بولسا دەپ ئويلايمەن، ئويلىرىم بىلەن سىنى كۈيلەيمەن؟

## 5

سىنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ھايات گۈلزارىغا مېنىڭ ئۈچۈن يېگى بىر گۈل ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ كۈننى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىنمىدى؟ ئەمەلىيەتتە، مەن سىنىڭ 35 ـ داۋانىڭغا كۆكۈل بېغىمدىن، قۇياشلىق تېگىمدىن سوۋغا تەييارلايمەن دەپ كېچىككەنىدىم. سۆيگۈ ئىبھتىرامىمدىن، ئەقىدە چەشمىلىرىمدىن پۈتكەن كۈيلىرىمنى سەلكىنلەردىن ئەۋەتتىم......

## 6

سەن خىياللار ئارىسىدىن تۇغۇلسەن ـ دە، تاڭ ھۇزۇرىدىن كېيىنكى قۇياشتەك بارا ـ بارا روشەنلىشىشكە باشلايسەن. ھەسرەتلىك ئويلار قانچە ئىزتىراپلىق بولسىمۇ، سەن بولغاچقىلا ئۇنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇشقا مەن بىقوۋۇل.

مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ پايانىغا زېمىن گۇۋاھ بولغاي.

# يامغۇر

## 1

كەھرىۋادەك سۈزۈك ئاسماندىن تامچىلىغان دەردلىك يامغۇر قاچانغىچە ياغار؟
بىزنىڭ ئۆي كونىشەھەردە، ئاچچىق ئۇچەيدەك خالتا كوچىغا يامغۇر ياغسا دەريا، قار ياغسا تاغ بولىدۇ. ئەمدى ئۇ بىرنەچچە كۈن تالاغا چىقالمايدىغان، كۈن نۇرىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى.
ئانامغا سالام دەڭلار يامغۇر، سىلەر دەرياغا ئايلىنىدىغان يامغۇر بولماي، ئانامنىڭ كۆڭلىنى سەگىتىدىغان شىپالىق يامغۇر بولساڭلار، بىزارلىق قارا يامغۇر بولماي، رومانتىك باھار يامغۇرى بولساڭلار بولامدۇ؟

## 2

بۇ يىل گۈللەر ئېچىلمايدىغانغا كېلىشىۋالغانمىدۇ؟
ياق، كۆڭۈل گۈلۈم كۆز ئالدىمدا بولمىغاچ، ماڭا ھېچقايسى گۈل ئېچىلمىغاندەك تۇيۇلغانىكەن. مەن باھارنى چىللاپ ئەكەلسەم، سېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بولمىغىنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى.
سېنى ئەزگۈ ئارمانلار ئىلكىدە سۆيەكنى ئىزدىگەنىدىم. سەن گۈلخۇمار بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، جاھاننى گۈلگە پۈركۈۋەتكۈم كېلەتتى. شۇڭا، قەلب ئېتىزىمغا ناھايىتىمۇ كۆپ گۈل تېرىدىم.

ئەپسۇس، گۈل پەسلىدە يېنىمدا بولمىغىنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى.

ياامغۇر بۆلۈتلىرى، ئانامغا دەپ قويۇڭلار، مەن بېرىپ گۈلخۇمار قىزنى ئەكېلەي. ئانام بىلىدۇ، ئۇ بولمىسا قەلب ئاسمىنىم ھەمىشە بۇلۇتلىنىپ قالىدىكەن.



# ئۇنتۇش لىرىكىسى

قۇياش لاۋا بولۇپ يېنىۋاتاتتى. تاپانلىرىم قىزىپ، پېشانىدىن بۇرۇلداۋاتقان كاۋاپقا ئوخشاش ئاداققى چىدامىم تۈگىدى. گىياھنى كۆل قىلىۋېتىدىغان ئوت تەپتى مېنى باش ئەگدۈرەلمىدى. سەن يېنىمدىن خېلى بۇرۇن كېتىپ قالغانىدىڭ.

مەن سېنى ئىزدىدىم. بۇلاق سۈيىدىن، ئۆتەڭلەردىكى سېدە دەرىخى ئاستىدا قويۇلغان كۆپتىكى مۇزدەك دەريا سۈيىدىن قانچە ئىچسەممۇ، مېنىڭ تەشنالىقىم سېنى كۆرمىگۈچە قانىدىغاندەك قىلمايتتى.

لېكىن، مەن سېنى ئىزدەپ ئۇزاپ كەتكەنسېرى، سەن ئاللىبۇرۇن كەينىڭگە يېنىپ كەتكەنىكەنسەن. بۇنى ئىزلىرىڭدىن، ھىدلىرىڭدىن بىلىۋالدىم.

مەن ئاخىر مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم.

زاۋالدىكى تۇمان ئىچىدە گۈل بەرگىدەك يۇمران لەۋلىرىڭنى چىشلىگىنىڭچە يېنىمدىن ئۆتكىنىڭدە، نەگە ماڭغانىدىڭ؟ سەنمۇ مېنى ئىزدەۋاتامتىڭ؟ بىزنىڭ مۇشۇنداق يا سەپەرداش بولالماي، يا بىر - بىرىمىزنى ئىزدەپ تاپالماي ئۆتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولدى...... ئۇچرىشىمىز بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز، پۇچۇلىنىمىز بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇيالمايمىز......

# قومۇشچىنىڭ قىزى

زارىقتۇرۇپ يورۇغان تاڭ، ئويۇمدەك ئۇزاققا سوزۇلغان شىغىللىق يولغا بولۇق سىپىلگەن مەھەلدە، قومۇش باسقان ئىشەك هارۋىلىرىدا ئولتۇرغان دىھقان بوۋاينىڭ ئىسقىرتىشلىرىدا، ئۆرۈكلۈك باغدا بورا توقۇۋاتقان ئۇياتچان قىز، يۈرەكنىڭ دالاسىغا ئوت قويغان چولپانخان، ئىقىپ كەتكەن يىللار ئىقىنى يەنە ئايان بولىدۇ.

قومۇش دىھقانغا تەقدىرداش، قومۇشتىن بورا توقۇلىدۇ، بورا توقۇغاچ تۈگمەس ناخشىلار ئوقۇلىدۇ، بورا تالاسىدا هاياتنىڭ سىرلىق خەرىتىسى نەقىشلىنىدۇ. بىزنىڭ شەھەردە بورا توقۇيدىغان كەنت بار، دىھقانلار قومۇشلۇقنى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۈك دەپ بىلىدۇ.

بورىچىلار مەھەللىسىدىكى شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەكلىك قىز، سەن دىھقاننىڭ قىزى، سەن يۈرىكىمگە ئوت سالدىڭ، خۇدا ساقلىسۇن، بۇ ئوت قومۇشلۇققا تۇتىشىپ كەتمىسۇن. شۇڭا، ئۆيۈڭدىن چاپسان چىق!

دادىڭ لىقلا قومۇش باسقان هارۋىسىنى هەيدەپ شەھەرگە كەتتى.

شەھەردە قومۇش يوق، قومۇش ئۆسكۈدەك يەرمۇ يوق. شۇڭا، شەھەردە قومۇش ئەتىۋار.

مەھەللەڭنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شورلۇقمۇ، توقايلىق بويىدىكى قومۇشمۇ شەھەرلىككە داۋا.

قومۇشچى بوۋاينىڭ قىزى يۈرىكىمگە داۋا!

# چوچومەل تەشۋىش

1

دۇنيا بىر سىرلىق تىپىشماق، مەڭگۈلۈك مۇئەمما. شۇڭا، زېمىندىكى ھەربىر ئادەممۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر سىرلىق تۇگۈن. شۇنداق بولمىسا ئادەم دۇنياغا كۆز ئاچقىنىدا يىغلىغىنىچە تۇغۇلۇپ، كۆز يۇمۇش ئالدىدىمۇ يەنە تۈمەن مىڭ يىل ياشىغۇسى باردەك ئۇمۇنامدۇ؟

2

بىز ئالدىغىلى ئادەم تاپالماي ئاخىر بىزنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن زېمىنغىمۇ ئاسىيلىق قىلدۇق. سايىداش ئىستىكىمىز بىلەن شەخسىيىتىمىز ئۈچۈن زېمىنغا ئۆزۈم تىككىنىمىزنى ئۆزگە قىلىنغان ساخاۋەت دەپ چۈشەنگەن زېمىن، خاسىيىتىدىن بىزگە جەننەت مېۋىسى بولغان ئۆزۈمنى يالداما قىلسا، بىز ئۆزۈمگە تويۇنۇپ بولۇپ يەنە نەپسانىيىتىمىزنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن كەيپ - ساپايىمىز ئۈچۈن جەننەت مېۋىسىدىن شاراب ياسىدۇق، ئۇنى ئىچىپ جىگىرىمىز زەھەرلەنسە، شىپاخانىدا تومۇرىمىزغا ئاقىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈمدە ئىشلەنگەن گىلۇكوزا بولىدى...... ھەي، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

## 3

بىز بىر كۈن بۇرۇن تونۇشقان بولساق، بۇ ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى بىر كۈن بۇرۇن چۈشىنەركەنمىز. لەۋلىرىمىز بىر كۈن كېيىن جۈپلەشكەن بولسا، ئىستىقبال كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئەتىنى بىللە كۈتۈش بىلەن بىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزەر ئىكەنمىز بەختىياش كۆڭلىمىزگە يۈگەن سالالماي ئۇلۇغلۇق چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكىنىمىزدە، مەن پەقەت ياش تۆكۈپ تۇرۇپ شىۋىرلايمەن: «ئەمدى بىز كېتىۋاتقان يول سۆيگۈ يولى ئەمەس بەلكى تۇيۇق يول. بۇ يولدىن بىر كۈن بۇرۇن قايتساق، بىر كۈن بۇرۇن ئەركىن نەپەس ئالىمىز».

## 4

كۈندىلىك تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ئىشكىنى خاتا چېكىپ قېلىش، تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويۇش، باشقىلارنى خاتا تونۇپ قېلىش، ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش......تەك «خاتا»لار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قوشنىلاردىن تارتىپ خىزمەتداشلارغىچە، دوست - يارەنلەردىن تارتىپ ناتونۇشلارغىچە ئەتراپىمىزدىكى بارلىق كىشىلەر ئۇلارنى ھەر ھالدا توغرا چۈشىنىشى مۇمكىن، سىزمۇ «خاتا قىلىپ قاپتىمەن» دەپ ھۆددىسىدىن چىقالىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، باشقىلارنى «خاتا سۆيۈپ قاپتىمەن» دەپ ئۆزىڭىزگە «خاتا» تەبىر بەرمەڭ، ئۇنداق بولمايدىكەن سۆيگۈ خاتالىقنى ئەتراپىڭىزدىكىلەرلا ئەمەس، ئۆزىڭىزمۇ ۋىجدانەن كەچۈرەلمەيسىز. تۇرمۇشمۇ سىزنى «خاتا» جازالاپ قويسا ئاغرىنماڭ. سۆيۈش — خاتالىق ئەمەس، چۈشەنمەي تۇرۇپ سۆيۈش — خاتالىق.

## 5

سېھرىگەرلەر ھەمراھىدىن سىر يوشۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆچۈن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچلۇق ئەمەس.

## 6

مەن سېنى قوغلىشىۋاتقىنىمدا مېنىڭمۇ كەينىمدىن بىرىنىڭ ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن، سەن مېنى قوغلاشقاندا مەنمۇ ئۇنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتىم. يەر شارىنىڭ بىكاردىن - بىكار ئايلانمايۋاتقانلىقىنى ئەمدى بىلدىم، بەلكىم ئۇنىمۇ ئاي شارى ياكى باشقا سەييارىنىڭ بىرەرسى قوغلاۋاتسا كېرەك......

## 7

نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشى سەھنىدىكى ناخشىچىنىڭ مۇزىكىنىڭ رىتىمىدىن چەتنەپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ.

2002- يىلى ماي، قومۇل



# قەلب تىۋىشلىرى

1

ئاي - يۇلتۇزدىن باشقا، جىمىكى چىراغ ئۆچكەن دەملەردە، قەلب گۈلشىنىمدە سەن بىر دەستە گۈل بولۇپ ئېچىلىپ تۇرمىساڭ بولمايدىغانلىقىغا ئاخىر ئىقرار بولدۇم. ئاچچىق تولغىنىشلار ئىچىدە يۈرىكىمنىڭ دەردكە مۇپتىلا بولغىنى بىر ھەقىقەت ئىكەن.

2

تاتلىق ئازاب ئىچىدە قولۇمدىكى قەدەھنى يەرگە ئۇرۇپ پارە- پارە قىلىۋېتىپ، خىيالىم ھەم چۈشۈمنى ئىگىلىۋالغان سېنى ئىزدەپ ماڭدىم.

ئەي قەلبىمنىڭ قۇياشى! سېنى تاقەتسىز كۈتكەن مەستان كېچىلەرنىڭ ھەر دەقىقىسى خەنجەرنىڭ بىسىغا يالاڭياغ دەسسەپ تۇرغاندەك مۈشكۈل!

3

سېغىنىشلىرىمنىڭ بەگباشلىق بىلەن كۆگۈل خانەمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خىلۋەتلەردە سەن بىلەن دىدارلاشقىنىنى بىلىسەن. سەرەڭگە قېپىدەك ئىمارەتلەر ئارىسىدا بىرەيلەن

تىنىمسىز ئۇيان - بۇيان ئۆتەر، زارىقىش بىلەن بىرسىنى كۈتەر.
ئۇزاقتىن - ئۇزاق ھېكايەتلىرىمنى ئاڭلىشىڭ بىكېرەك، كۈتۈش ئازابىنى چۈشىنىشىڭمۇ بىھاجەت. پەقەت گۈزەل ئىستەكلەردىن پۈتۈلگەن كۈيلىرىم ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىدۇ......

## 4

سەن تاتلىق كۈلكەڭنى ھەدىيە قىلىپلا خوشلاشماقچى بولدۇڭ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېغىر تىنىپ ياشاشقا كۆنۈپ قالدىم.
ھېكايەت - ۋەقەلىكلەرگە بىھاجەت قىسمەتتىمىز، بۇگۈنگە ئۇلاشقاندا كىم - كىمدىن ئاغرىنىشقا ھەقلىق؟! قۇياشنىڭ بىز بىلەن خوشلىشىۋاتقان دەقىقىلەردىكى ئاخىرقى تەبەسسۇمىنى ئېلىپ ئالايلى! مەن ئاينىڭ گۈزەل رىۋايەتلىرىنى مەڭگۈ سېغىنىمەن. ئۇنىڭدا ئىككىمىزنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىمىز بىلەن رەڭلەنگەن ئەسلىمىلەر بار!
«ئەسلەپ تۇر» دېدىڭ، سېنى ئەسلەش - مېنىڭ قىممىتىم. شۇنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئەي كۆڭلۈمنىڭ خاقانى!



# ئاق گۈل

## 1

سەن قەلب دۇنيارىمنىڭ گۈزەللىك ئاسمىنىدا چاقنىغان قۇتۇپ يۇلتۇزى ئەمەسمىدىڭ؟

ۋادەرىخ، شەربەتلىك لەۋلىرىڭ ماڭا نېسىپ بولمىغانىكەن، ئاق گۈل. ساڭا دەيدىغان، دېيەلمىگەن تۈگىمەس سۆزلىرىم تەگرىدىن باشقا ھەممە مەۋجۇتلۇققا سىر - ئەسرادۇر.

«يىگىت دېگەن قەلبىدە يېلىنجىغان ئوتنى يەنە قەلبىگە كۆمۈۋېتەلىشى كېرەك» دېدى بىراۋ. ئەمما، ئۇ شۇنچە ئاسانمۇ؟

سېنى سۆيۈش نېسىپ بولمىسىمۇ پەقەت دىدارىڭ لەززىتىدىن بىردەم مەست بولۇۋالسام، ئەسىرلەپ خۇپىيانە ئازاب چەكسەممۇ رازى ئىدىم.

## 2

مەھەللەڭگە بارىدىغان سۆگەتلىك تاشيول، ئاشىققا رىۋايەت ئېيتىپ بېرىدىغان ئايدىڭ كېچىلەر، كۆل بويىدا سېنى كۈتكەنلىرىم، ياشلىق سەلتەنىتىمنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى ئەمەسمىدى؟!

يىراقلاپ كېتىشكە قىيمىغان قەدەملىرىڭگە ئەگىشىپ تاتلىق خىياللارنى يۇدۇپ كەلگەنلىرىمدە، سەن مېنى سۆيگۈ ئارىلىدا تەنھا

قالدۇرۇپ يىراقلارغا كېتىپ قالسەن. قەلبىمنى، مېنى، ھەتتا بارلىقىمنى ئېلىپ تولىمۇ يىراقلارغا غايىب بولسەن نىھال.

## 3

ئەسلىگىدىن ئەسلا ئىزنا قالمىغان، لەۋلىرىڭ بويىلىپ چاچلىرىڭ كېسىلگەن، ئوپېراتسىيە قىلىپ مەجبۇرىي تارتىلغان قاپاقلىرىڭ ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرىڭنىڭ خۇنى يوقاپ جىنەستىدەك لەۋلىرىڭمۇ پۇرۇشۇپ نائۇستا رەسسام سىزغان ھەجۋىي سۈرەتكە ئوخشاپ قالغانىدىڭ.... ساڭا زادى نېمە بولغاندۇ؟!

سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭنى بولسىمۇ كۆرۈش پۇرستىگە ئېرىشكەنـ ـلىكىمدىن ئالەمچە خۇش بولۇپ، سېنىڭ كېچىلىكىڭگە بېشىمچىلاپ يۈگۈرۈپ كەلدىم، ئاق گۈل. ئىسست، باياتىن بېرى سېنى باغچىدىكى كېپىنەكتەك لەرزان چۆرگىلەپ، كېيىك بالىسىدەك چاپچىپ، چىرايلىق قۇشلاردەك پەر قېقىپ ھەممىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغىنىم.

ئادەمنىڭ خىيالى ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىكەن. سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭ ئەقلىدىن ئازغان ئاڭقاۋ مەستنىڭ ئىجادىي ئۇسسۇلىمۇ بىلمىدىم......

گۈزەللىك دېگەن ئۆز پەردىسى ئارقىسىدا گۈزەل ئىكەن. سېنىڭ سەھنىگە چىقىشىڭ بىلەن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاياسىزلىق زالدىكى قىقاس ـ چۇقانلار ئالاـ بۇلىماچ سەھنە كىيىمى بىلەن چالا ـ پۇچۇق ئورانغان سېنى، مەن خۇپپىيانە كۆيگەن ساڭا ئوخشاتماي قويغانىدى. سېنىڭ ئۈچۈن خورلۇق ھېس قىلدىم، ساڭا ئاتاپ ئالغان گۈلدەستە بىئىختىيار ئورۇندۇق ئاستىغا چۈشۈپ ئاياغلىرىم ئاستىدا چەيلەندى!

شۇنچە تېز ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟
يۇرتىمىزنىڭ مەشرىپى ــ نۇسرەتلىك قەدەملەرىڭ ئىزنالىرى،

ئالەمشۇمۇل سەمەرىلەرنىڭ بەھەيۋەت بىنالىرىنى ئەسلىتىپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىل قەسرىسىنى دەبدەبىگە سالالىتتىغۇ؟

ئېسىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟

دىيارىمىزنىڭ شوخ ئۇسسۇلى شوڭچىلىك سەنئەتلىك ئىدىكى، ئۇنىڭدا قىران ياشلىرىمىز، تەمبەل مويسىپىتلىرىمىزنىڭ تاغنى تالقان قىلغۇدەك جاسارىتى، لېۋەن قىز-چوكانلىرىمىز، پەرىشتە سۈپەت مومايلىرىمىزنىڭ ۋاپادارلىق قەسىدىلىرى نامايان بولمايتتىمۇ؟

ئېسىڭدە يوقمۇ، قۇم بارخانلىرىدا ئۆسكەن بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ ئەسىرنى ئەسىرگە تۇتاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان توغراقلار، تەكتىدە سانسىز مەدەنىيەتلەرنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى گۆھەردەك ئاسراپ كېلىۋاتقان قۇملۇقلىرىمىز، سۆيگۈ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئانا دەريايىمىز سېنىڭدىن شۇنى كۈتكەنمۇ؟

ئېيتە ئاق گۈل؟

بىزار بولۇشۇپ زالدىن بىر - بىردىن چىقىپ كېتىشىۋاتقان تاماشىبىنلارغا ئەگىشىپ، مەنمۇ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم.

دەرۋەقە، سېنى سۆيۈش ماڭا نېسىپ بولمىغانىكەن! سەن سۆيۈمسىز ھەم قەدىر - قىممەتسىز ياشاشقا كۆنۈپ قالمىساڭ بولاتتى، ئاق گۈل......

# نورۇزلۇق سالام

تەڭرىتاغلىرى ئاپپاق لېچەك ئارتقان، كائىنات سوغۇقتىن تىترەۋاتقان مۇدھىش پەسىلدە سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. تاللار كۆكلىشىپ تەبىئەتكە گۈلدەستە تىزىشقا ئالدىرىشۋاتقان پەسىلدە سېنى سۆيۈپ قاپتىمەن.

ئاھ، سۆيگۈگە تولغان بىر قەدەھ مەي، ئاشۇ نادىر تاڭنىڭ لېۋىگە تامچىغاندا، بۇلبۇللارنىڭ ناخشىلىرى كائىناتقا يېشىللىق بەخشەندە قىلدى.

سېنىڭ ئۇتلۇق سالامىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغان چېغىم، نورۇزنىڭ مۇھەببەت مۇقامىنىڭ جۇشقۇن داستانلىرى ياڭرىغان گۈزەل ئاخشىمى ئىدى؟! ھەئە، جۇدۇنلۇق زىمىستان ئېرىدى، بىزگە مەسلىكى كېلىپ ۋىلىقلاپ كۈلگەن شەربەت بۇلاق ۋىسال ئەييامىدا يېڭى كۈيلەرگە ھامىلىدار. جىمجىت سۈبھى قەدىمى كوچىمىزغا يېڭى ھاياتتىن بېشارەت بېرىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇقۇشقا كەتكەن مەشۇقۇمغا نورۇزلۇق مەكتۇپ يازىمەن......



# سۆيگۈ دەرىخىدىن تۆكۈلگەن ياپراق

## 1

سىنى ھېچكىم مەندەك سېغىنماس دەيمەن ئۆزۈمگە.
سېنىڭمۇ مېنى سېغىنىشلىرىڭنى بىلمەيدۇ دېمە!
قوشۇلۇش ئىمكانىدىن مەھرۇم بولغان ھاياتىم سېغىنىش بىلەن مۇشۇنداق كۆكلەپ تۇرىدۇ. ئەي، يىنىدا تۇرغان بەختنى قويۇپ ساختا مېھرىبانلىققا ئالدانغان بىچارە مەشۇقۇم، سېغىنىش-لىرىمنى ساڭا بىلدۈرگۈم يوق. سېغىنىمەن...... مەجبۇرلىيا-لمايمەن. تەقدىر سىنى مەندىن تارتىۋالغىنى بىلەن، ئەسلەشتىن كېلىدىغان شېرىن كەيپنى ھېچكىم بىزدىن تارتىۋالالمايدۇ.

## 2

سائەت يېڭى كېچىنى يېقىملىق قوڭغۇرىقى بىلەن چىللىماقچى بولۇپ ئىمكانسىزلىق ئاچىلىدا تېنەپ قالدى. ھازىرقى سائەتلەر چېكىلداشنى، داڭ ئۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغىلى نەچچە يىل بولدى. جاھاندا ئۇنتۇش كۆپ، ئىمكانسىزلىق كۆپ. ئەمما، سەن مېنى، مەن سىنى ئۇنتۇپ قىلىشمىدۇق. ئەتە تاڭ ئاتىدۇ، يېڭى سەھەردە ئىشقا كىتىۋېتىپ، كېچىدىكى مەن ئەۋەتكەن چۈش ئەلچىلىرىدىن خۇش خەۋەر ئاڭلىساڭ قۇياشقا قارا، ئۇنىڭ سەن مىسالى ئاپتاپلىرى سىنىڭ سالامىڭنى ئېلىپ كەلسە، مەن جاھاندا

ئەڭ بەختىيار كىشىگە ئايلىنىمەن......

مەن جىمجىتلىق ئىزدەيمەن. سەۋەبى، جىمجىتلىقىمدا، سۆكۈتلىرىمدە، تەنھالىقىمدا سەن ياشايسەن.

## 3

بەك ئۇزاق بولدى، توي كۈنۈڭ بېكىتىلىپ بولغان شۇ كۈندە، قىزغىنىش، ھەسەت ۋاراقشىپ قايناۋاتقان تەندە تېپىرلىغان يۈرەك ساڭا ئاتالغان سوۋغات ئەمەسمىدى؟

تاڭلا كۈندىن كېيىن ناتونۇش بىرسىنىڭ يېتىلەشلىرىدە ناتونۇش ھويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىڭنى كۆرمىسەم دېگەنىدىم. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى. نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇلغان شۇ كۈنى ياغقان يامغۇرنى ئاسماندىن چۈشتى دەپ ئويلاۋەر.

دىل - دىلغا، تىل - تىلغا يېقىن. ھايات شۇنداق يېقىنلىق بىلەن تەلقىنلەرگە، مەنىلەرگە، كەچمىشلەرگە ھامىلدار.

تىلەكلىرىم ئاسمىنىدا مەڭگۈ ساقىماس، قەدەملىسەم بەك يېقىن، ئويلىسام يىراق ئەختەر يۇلتۇزۇم، سېنىڭ نەزىرىڭدىكى مەن زادى كىم؟

ئۇپۇقنىڭ كۆزى يورۇغان ئىللىق سەھەرنى كۈلدۈرۈپ ئۆتكىنىڭدە، كۈن كۆزنى زېمىن كەڭلىكىدە ئېچىپ ئوت چاچراتقان چۈش - پېشىندە، مۇھەببەتتىن باشقىسى توڭلاپ مۇزغا ئايلىنىدىغان زىمىستان زاۋالدا، دېرىزە تەكچەمدىكى ئەتىرگۈلدەك ياشىرىپ تۇرغايسەن!

مېنىڭ نەزىرىمدىكى سەن — يامغۇردا يۇيۇنغان ئەتىرگۈل!

مەن بەزىدە شۇنداق غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن. ھال-مۇڭىمنى تۆكۈشكە ئادەم ئىزدەيمەن، لېكىن شۇ چاغدىكى ئويۇمنى دېيىشكە مۇناسىپ سەندىن باشقا ھېچكىم يوقتەك...... لېكىن، بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەيمىز!

قەلب بەتلىرىمدىن سېنىڭ ئىسمىڭنى ئۆچۈرۈشكە پېتىنالمايمەن. كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى، يامغۇر تامچىلىرىدا سۇنغان تەسۋىرلەرنى سۈپۈرۈپ باقمىدىم. تەشتەككە يىراق سەھرادىن توپا ئەكېلىپ تۆكۈپ سەن سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈلنى سانجىپ قويدۇم. بۇنىڭغا سۇ قۇيۇش، ئۇنىڭغا قاراپ ۋاقىت بىلەن بىللە ئېقىش مېنىڭ ھوزۇرۇم!

ئېغىزىڭدىن چىققان ئىسمىم، مېنى ئۇلۇغلۇققا يېتىلەيدۇ، بىر شادىيانىلىق مېنى باغاشلايدۇ. بىر تەنتەنە بۇ ئاۋازدىن پەرۋاز ياسايدۇ. لېكىن، بىلمەيسەن.



# خىيالىمدىكى جەننەت

جاھاننى شۇ قەدەر سۆيۈملۈك كۆرسىتىۋاتقان نېمىدۇ؟ رەڭدار تۇمان يېپىلماقتا، كېپەك ئالتۇن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلمەكتە، ئەتلەس مىسالى يوپۇرماقلار لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئورمانزارلىق قوينىدا بىز مەرمەر خىش ياتقۇزۇلغان چىغىر يولدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىمىز. بىز بارغانسېرى يېقىنلاۋاتىمىز. توۋا، بىز يۈز كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولساق بوپتىكەن، غايىۋى سېغىنىشنىڭ لەززىتىگە يەتمەيدىغان دىدارلىشىش، يېشىللىقنى ۋەيران قىلغۇچى مۆلدۈر خىيالىمدىكى جەننىتىمنى قارا ئۆڭكۈرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

كەچۈر، شۇڭا سەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن ۋاز كېچىپ ئۆزۈمنىڭ پىنھاندىكى كەپىسگە يېنىپ كەلدىم.

ھاياتتا يول كۆپ......

ياشاش سەپىرىدە ئېزىتقۇ كۆپ......

بىز ئادەملەر ھاياتتىكى يولۇچى. مىڭبىر جاپادا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئاخىرقى بېكەتكە يېقىنلاشقىنىمىزدا، كەينىمىزگە يانغۇمىز كېلىدۇ - يۇ، كېچىككىنىمىزنى ھېس قىلىمىز. لېكىن، تەن ئالغۇمىز كەلمەيدۇ.



# ئۇرۇمچىدىكى پەرىشتەم

1

مەن بۇ شەھەرگە سېنى دەپ كەلمىگەن، ئەمما سېنى دەپ يەنە بىر كۈن تۇرۇپ قالدىم. بوغجىمىدەك تىقما - تىقماقلىق ئىچىدە يول، بوشلۇق ئىزدىشىپ ئالدىراش كېتىشىۋاتقان ئادەملەر، كۈنۈ - تۈن ئارامسىز شاۋقۇنلايدىغان سوغۇق كوچىلار قۇلىقىمغا سېنىڭ ئادرېسىڭنى توختاۋسىز شىۋىرلايدۇ، كۆڭۈل رايىمنى سەن تەرەپكە ئەكەتمەكچى بولىدۇ.

سېنى سىرلىق، رەڭدار، جىلۋىدار قوينىغا دەم تارتىپ كەتكەن، ئىككىمىزنى بىر شەھەردە ياشاشتىن، سېنى پات - پات كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلغان بۇ شەھەر سەنسىز رەڭ - ئىقبالىنى تاپالمايدىكەن.

شەپىسىز تۆكۈلگەن قار چېچەكلىرى تەبىئەتنىڭ ئىللىشقا باشلىغان يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى!

ھايات دېڭىزىدا ھەسرەتلەر كۆپۈكلىنىپ تۇرىدۇ......

ئۈمىد بىلەن سۇغىرىلىپ تۇرغان مۇھەببەت دەرىخى جۇدۇندىمۇ ياشىرىپ تۇرىدۇ.

سېغىنىش ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇرغان سوغۇق كېچىدە، تاماكا مەندىن خۇمار كۈتىدۇ......

## 2

سىنى دەپ كوچا ئاپتوبۇسىغا يەنە چىقتىم. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قەغىش قىلىغاندەك موتور خىلىغىچە ئۇت ئالمىدى.
ئالدى ئورۇندۇقتا گىيزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان چىرايلىق قىزنى ساڭا ئوخشاتتىم. لېكىن، بىر نۇر ـ پەقەت سېنىڭ چېھرىڭگىلا خاس بىر ئىللىق نۇر ئۇنىڭدا يوق ئىدى.
سېنى تاپاي دەپ ئۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم مەدەت بەردىم ـ دە، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ يول بويىدا بىر قىزىل رەڭلىك تاكسىنى توستۇم.

## 3

قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، مەن بىلىدىغان بىر گۈلگە مەنسۇپ، بۇلاق سۇلىرىنىڭ چىمەنلەردە شىرىلداپ سەن توغرۇلۇق سۆزلەشلىرىنى، غەمسىز بۇلۇتلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇشۇپ مەشرەپكە مېڭىشلىرىنى مەن خالىغاندا تاماشا قىلالايمەن. بۇنىڭ بىرلا پەيتى ــ سېنى خىيال قىلىشلىرىمدا......

## 4

ۋاقىت ئۆزىنىڭ قىممىتىنى هاياتلىق سەكراتقا چۈشكەندە تونۇتۇپ قويىدۇ.
ۋاقىت ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئۇزاققا سوزۇلغان كۈتۈشلەردە تېتىتىپ قويىدۇ.
كۈتۈش نەقەدەر تاتلىق ھەم ئازابلىق ـ ھە؟

ئۆتەڭگە ئۇلىشالماي ھالىدىن كېتىۋاتقان يارىيار ھارۋىلاردەك غىچىرلىشىۋاتقان كوچا ئابتوبۇسلىرى، كۈنلەپ سۆرەم ھەيدەپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالسىمۇ تۆپە - تۆپىلەپ شىۋىق يەۋاتقان ئۇيدەك ئىڭراۋاتقان تاكسىلار، تىلەمچىگە، بېكەتنى تاپالمىغان يولۇچىغا، كىمدۇر بىرىنى ئاشىقانە كۈتۈۋاتقان مۇساپىرغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

بىز يەنە كۆرۈشتۇق، بەزىدە سەن كۈتۈپ، بەزىدە مەن كۈتۈپ ئۆزىنى يۇرتلارنىڭ سەتىڭى سانىۋالغان بۇ شەھەرنىڭ قوينىدا تەسىرلىك ھېكايىدەك، لىرىك شېئىردەك، يېقىملىق مۇزىكىدەك نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۇق.

بىز پاراڭدىن - پاراڭغا كۆچۈپ جىق گەپلەرنى دېيىشتۇق. يۈرىكىم تېپچەكلەيدۇ، ئويلىرىم قانداقتۇر بىر سىرنى ئاشكارىلىماقچى بولىدۇ. ھېكايە داۋاملىشىدۇ، سىردىشىش چوڭقۇرلاشسا خىيالىي مەنزىللەردە يېڭى ئىستەكلەر ئاۋۇيدۇ. سەندىكى خاس سىيما، نۇرانە رەڭ، كىرسىز كۆڭۈل، سىپتا گۈزەللىك، سەندىكى لاتاپەت، سەندىكى ئادەمنى ئەزگۈلۈكتە بىھوش قىلىدىغان ئوي - قاراش مېنى مۇڭلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئويغاق چۈش قاچانغىچە داۋاملىشار؟

قەدەملىرىمىزدە ئېرىگەن قار زېمىننىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتتى. ئاپتوبۇس يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا غېرىبنى سەنەمدىن ئايرىپ يىراقلارغا ماڭدى. ئويلىرىم قانداقتۇر بىر سىرنى ئاشكارىلىماقچى بولىدۇ. يۈرىكىم تېپچەكلەيدۇ، ھېكايە داۋاملىشىدۇ. سىردىشىش چوڭقۇرلاشسا خىيالىي مەنزىللەردە يېڭى ئىستەكلەر ئاۋۇيدۇ......

بىر ئايلانسا چۈش، بىر ئايلانسا كەچ بولىدىغان سىرلىق شەھەر قارا يىلاندەك سويلاپ تۇرغان بەھەيۋەت تاغلار كەينىمدە قالدى. ئىككىمىز كۆرۈشەلەمدۇق - يوق، بىلمەيمەن. كېچە جىمجىتلىقى بىلەن ھەيۋە قىلىدۇ. تاكسىلارنىڭ شاۋقۇنى ئەمدى

ئاڭلانمايدۇ. سىغىنىشنىڭ يۇمشاق پەپىلەشلىرىدە نورۇزدا قار ياغىدىغان سەتەڭ شەھەرنى، سىرتىدىن قارىسا خۇددى ئىلان تاختىسىغا ئوخشاپ قالغان كوچا ئاپتوبۇسنى، ئەڭ مۇھىمى پىنهان سىغىنچام ئىچىدە غەمسىز ياشاپ يۈرگەن پەرىشتەمنى خىيال قىلىمەن!



# سۆيگۈ ئالبومىغا سىغمىغان سۈرەتلەر

## 1

بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. سەن ئاخىرقى قېتىم ماڭا شۇنداق پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ئۇنتۇلۇپ قالغان سۈرىتىڭنىمۇ ئېلىپ كەلمەسكە كەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟ شۇنىمۇ بىلىپ قال، سېنى تاپالمىغىنىم بىلەن قەلب دۇنيارىمدىكى ئادرېسىڭنى، قەلب خاتىرەمدىكى شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئەبەدىي ئېلىپ كېتەلمەيسەن، مەن ئاشۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشىغىلى بەك ئۇزاق بولدى......

## 2

بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. كۈتتۈم، ساڭا بەخت، ئاسايىشلىق تىلەش مېنىڭ ئادىتىم. سېنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن مەن ئاشۇنداق ئۈمىد ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئىچىدە يېگى بىر ئەتىنى كۈتۈۋالىمەن. توغرا، بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. ھاياتتا بىراۋ بىراۋغا بارلىقىنى ئاتىۋېتىدىغان، بىراۋ بولسا بىلمەس بولۇپ يۈرۈۋېرىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس. بۇنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەندە ئاندىن ھېس قىلدىم. ئىككىمىزنىڭ ھايات قىسمىتى بۇنىڭ تىمسالى ئەمەسمۇ؟

— سەندىن نەپرەتلىنىمەن؟ — دېدىڭ بىر كۈنى ئاپتاپ

ياغىدىغان كۆزلىرىگىدىن قەھر ئۇچقۇندىتىپ.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— سۈرىتىم قېنى؟
— قايسى سۈرەتنى دەيسىز؟
— ئالبومدىكى سۈرەتچۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم......
سۈرەت ئىككىمىزنىڭ مۇرىدىشىپ تۇرغان ھالىتىمىزنىڭ شاھىدى ئەمەسمىدى؟ رەڭدار چىراغلار بىلەن ئاپپاراتنىڭ فوكۇس نۇقتىسى ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ چاغدا ۋاقىت دېگەن بۇ نەرسە مەڭگۈلۈك مۇز بولۇپ قاتسا بولماسمىدى؟ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق تۇرسام، سەن مۈرەمگە يەڭگىل يۆلەنگىنىڭچە تۇرساڭ نە بولار ئىدى - ھە؟! لېكىن دۇنيا ئاشىقلارنىڭ ئارمىنى بىلەن تولغان.
بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. بىلدىم، سەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان، مەن ئۈچۈن بويۈك بىلەن تەڭ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز قىممەتلىك بايلىقىم بولغان ئاشۇ سۈرەتنى سېنىڭدىن نېمە دەپ ئېلىۋالاي، ئوبدانراق ئاختۇرۇپ باق، پەرىشتەم.

## 3

بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. سول ئېڭىكىدە زىنىقى بار رەسىدە بولغان بىر قىزنىڭ توي تەنتەنىسى ئىچىدە لەرزان مېڭىپ بىراۋ بىراۋنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكىنىنى ئويلىغىنىمدا، سېنى ئەبەدىي يوقىتىپ قويغانلىقىمغا ئىشەندىم.
ھەئە، سەن كەتتىڭ......
يۈرىكىمنى تىڭشىغىنىمچە يېتىمسىراپ قېلىۋەردىم. كۆزلىرىم، ۋۇجۇدۇم كۆز يامغۇرىغا چىلاشقان، قىسمەت بەتلىرى تامام تونۇغۇسىز. ئاشۇ چاغ، پەلەككە تۇتاشقان ئىمارەتلەرنى كۆتۈرۈپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان شەھەر زېمىنى مېنى كۆتۈرۈشكە

كـۆچىنەلمەي ئېغىـــر - ئېغىـــر پۆشـــۈلدىغاندا ســـەن نەلەرگە كەتكەنــسەن؟ كـــۆز قارىچۇقۇمـــدا ماكـــان تۇتقـــان كـــۆز گۆھىرىڭمـــۇ چەكسىزلىككە سىڭىپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى چۈش كـۆردۈم، سـوغۇق لەۋلىرىڭ ئىز سالغان لەۋلىرىمدە قان دېغى......

ئالىقانلىرىمدا پۈرلەنگەن سۈرەت.......

قـۇلاق تۈۋىمـدە سـېنىڭ ئاۋازىـڭ ھەم ئالۋاسـتى ئۈۋىـسىدەك مەشـئۇم ھـالاكەت مەنزىلـىدە كېتىۋاتقـان تىۋىـشلىرىڭ، ئاسـمان يـامغۇرى تـوختىغىلى نىـكەم، كـۆز ياشـلىرىمدىن شـەكىللەنگەن ئىزتىراپ ئېقىنى زېمىن سەتھىگە ئايانماي قۇيۇلۇۋاتىدۇ.

## 4

بىـز ئاشـۇنداق ياشـاپ كەلمـدۇقمۇ؟ سـەن ئـاخىر كەتتىـڭ، خىيال مۇڭتارىمنىڭ تارىسنى ئۈزۈۋېتىمەن دېگەنمىدىڭ؟ ياشلىق ئالبومىمىزغا سۈرىتىمىز سىغماي قالدى. خۇدا خالىسا بىـر كـۈنلەردە تۇرمۇش سەيناسىدا قەدىناس دەرەخ بولۇپ، ھايات بوستانىغا رەڭ ۋە سىن قوشارمىز - ھە، بىز......

## 5

بىـز ئاشـۇنداق ياشـاپ كەلـدۇق. يىلـلار ئېقىنـى ئـادەملەرنى جەزبـدار ئىستەكلەر بىـلەن ئالـداپ ئۆمۈرنىـڭ ئـاخىرقى بېكىـتىگە قەدەممۇقەدەم قىستايدىكەن. يېڭـى ئەتە مېنى كـۈلكىگە زورلايـدۇ، لېكىن كۈلەلمەيمەن، سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ قەلب دۇنيارىمدا قارا تۇمـان پەيـدا قىلغانـدى. سـەن تامـان قەدەم ئـالىمەن، لـېكىن نېمىشقىدۇر بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى مېنى سېپىلدەك توسۇماقچى بولىدۇ. گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باھاردا، قـارلار زېمىنغا پايانـداز سالغان پەسىلدە ئاشۇ سـۈرەتكە قـارايمەن، ئـۇ ماڭـا ئاجايـپ مۇڭلۇق

كۆي بەخش ئېتىدۇ، باشقىلار چۈشەنمەيدىغان ھەم ئاڭلىيالـ-
-مايدىغان مۇقەددەس بىر قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## 6

بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. چۈش ئارىلىدا قۇياشنىڭ تەبەسسۇمىدا يۇيۇنغانلىقىمىز، غالىبانە تۈيغۇدا ئالدامچى چۈشلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگىنىم. توۋا...... ساڭا سۇنغان گۈلدەستىلىرىم جاۋابسىز قالسىمۇ، يەنە ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلگىنىم خىيال روجىكىڭدە غىل- پال كۆرۈنۈپ قالامدۇ؟

## 7

بىز ئاشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. مەن، مەن، يەنە مەن! بەزىدە ئۆزۈمنىڭ زادى قايسى مەن ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەي قالىمەن. ئويلىنىمەن، تەبىئىي مەن، ئۆزلۈك مەن ۋە ھالقىما مەن ئارىسىدا ياشايمەن. لېكىن، سېنى يادىمغا ئالساملا ھەقىقىي مەن ھازىر بولىدۇ. ئاشۇ تەرىقىدە 15 يىلمۇ ئۆتتى. نۇرغۇن شەيئىلەر يېڭىلاندى، رەڭ - تۈس، جۇلالىرى جىق ئۆزگەردى. لېكىن، بىر نەرسە ئۆزگەرمىدى، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ساڭا بولغان سۆيگۈم!

بىز ئاشۇنداق ياشايمىزمۇ؟ سەن يېقىنلا يەردە، ئارىمىزنى بىر كۆرۈنمەس سىزىق ئايرىپ تۇرىدۇ. ئويلىنىپ قالىمەن، ھايات- مۇھەببەت دېگىنىڭ بۇ سىزىقتىن ئۇ سىزىققا ئاتلىماقمۇ؟ قىنى ئە ئاتلاشقا قادىر ئىنسان بىر ئارغامچا ئۈزۈنلۇقتىكى ئاشۇ ئارىلىقتىن ئاتلاشقا نېمىشقا قادىر ئەمەس.

2007- يىلى ئىيۇن، يەكەن

## ئاخىرقى كىچە

سەن بىشىمغا قونۇشنى خالىمىغان ئالتۇن پەيلىك قۇش. مېنىڭ بېشىمدىكىسى ئالتۇن تاج بولمىغاندىكىن، سېنىڭ مېنىڭ بېشىمغا قونۇشۇڭ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەستە.

ئەي، ھۇما قۇشى، مىڭ تۈننا ئالتۇندا پۈتكەن بولسۇن، سەن ئېرىشكەن ئالتۇن قەپەسنىڭ تۈپيا توكۇلۇپ تۇرىدىغان كۆلبەمگە يەتمەيدىغىنى ساڭا ئايان.

ھايات - كەچمىش، ئەسلىمە ۋە بەخت ھەققىدىكى تېگى يوق شېرىن خىياللاردىن پۈتكەن تەسۋى. مەنمۇ، سەنمۇ بىر كۈنى بۇ تەسۋىنىڭ ھەربىر ئۇرۇقچىلىرىنى سىيرىپ توگىتىپ، ھايات بىلەن خوشلىشىمىز.

ئەڭ ئاخىرقى كېچە بولسىمۇ خىيالىمىزدا سۆزلىشەيلى، بولامدۇ؟ بىز زادى نەدە كۆرۈشسەك بولار؟ ئاسمان - يەر، سۇ، ئوت، گىياھ بولمىغان كەڭرى زېمىن ئادەملەرگە تولىدۇ. زېمىن يۈزىنى يۈلتۇزدەك ئىگىلىگەن ئادەملەر توپىدا ئىككىمىزنىڭ بىرگە تۇرۇشىمىزغا ئورۇن چىقارمۇ؟

ئۈمىدۋار بول جېنىم، بەخت ئىشىكىنى چەككەنلىرىمىز جاۋابسىز قالغان ئاشۇ چاغدا ياش قىيانىغا غەرق بولۇپ ئىككى تەرەپكە قايرىلغاندۇق. كۆزلىرىڭ ئاسمانغا يامغۇر تۆكۈشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى.

مەن بۇلۇتقا ھەسرەت ھەققىدە سۆزلىگەنىدىم.

جۇدالىق بىزگە سۆيگۈ ھەقىقىتىنى ئۆگەتتى. تەنھا كىچە بىزگە پەرھاد - شىرىن قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگەندى. ئۇ ئىشلارغا بەك ئۇزاق بولدى!



# ئايرىلىش پەسلى

## 1

ئەيتاۋۇر، سېنى يەنە ئۇچرىتىپ قالسام، سەن يەنە خىرامان كېتىپ قالساڭ، چاچلىرىڭنى سۆيگەن شامالLار يۈزۈمگە ئۇرۇلسا، مەن سېھىرلىك خىياللارغا ئەگىشىپ ساياق يۈرسەم مەيلىمۇ؟

ھايات تەلقىنلىرى سۆيگۈ ھەققىدە سەلكىنلىك سەھەرگە ئايلانغاندا، سەن يەنە ئۇچراپ قالساڭ قىيا بېقىپ ئۆتەرسەنمۇ؟

ئويلىمىغاندا چۈشلىرىڭگە مېھمان بولۇپ بېرىپ قالسام، ئالدىمغا قۇچاق ئېچىپ چىققىنىڭدا، قايرىما كىرپىكلىرىڭدە دارغا ئېسىلغان قەترىلەرنى يۈلتۇزلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

سېنى يەنە ئۇچرىتىپ قالسام، ھەسرەت يالدامىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ئۇچرىشىشلار يەنە بىر قېتىم ئېسىڭگە كېلەرمۇ؟!

قۇياش تەبەسسۇمىدىن ئەنداز ئالغان چېھرىڭنى كۆرۈش بىر قېتىم، پەقەت بىر قېتىم نېسىپ بولسا، بىز ئوتلۇق تىنىقلاردا بىر پارچە سۈرەتكە ئايلىنىپ كەتسەك......

## 2

ھەسرەت يامغۇرىدىن ئىلگىرى، ئوت بورىنى قەلب ئاسمىنىمغا

يېپىلىپ كەلدى.

بىدارلىقنىڭ تەۋەللۇتى تۇمانسىز سەھەرگە سېنى ئىزدەش سەۋداسىنى سالدى. مۇڭلۇق كۈيگە تولغان چۈش قورغىنىنى كۆمپەيكۈم قىلىۋەتكەن پويىز گۈدۈكى يەنە نېمە دەيدىغاندۇ؟

پايانسىز دالىدا قاپقارا ئىس پۈركۈپ كېتىۋاتقان مەخلۇق، سېنى مەندىن ئايرىپ نېمە پايدا كۆرەر؟

دېكابىرنىڭ قۇياشىغا قاقلىنىپ كېتىۋاتقان مىنبۇس...... ئىمكاسىزلىق سىرتمىقىدا قىينىلىۋاتقان بىر ئىنسان...... ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۆزگە تەسەللى بەرگۈچىسى يوق. ئۇ تېلېفونغا كەلگەن ئۇچۇردىن بىخەۋەر «ئاشۇ جايدا سىزنى ساقلايمەن......»

پويىزنى ئۇزىتىپ قويۇپ كېتىۋاتقان مىنبۇستىكى بىرەيلەن يانفونىدا ئۇچۇر يوللاپ قويۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما، ئەڭ ئاخىرقى ئىمكان كۆز يۇمغان، تېلېفونىنىڭ باتارېيەسىمۇ خوراپ تۈگىگەن......

# سوغۇق ئاچال

مېنى بۇ سىرلىق ئاچالغا نېمىشقىمۇ باشلاپ كەلگەنسەن؟! بۇلبۇللارنىڭ ھىجران كۈيلىرى قۇلىقىمغا سىڭىپ قالدى. شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن قىز، مەن خوشلىشىپ كەتكىلى ئۇزاق بولدى. ھەئە، بەش يىل، ئون يىل بولدى. بۇ ئاچالدا مېنىڭ ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان سۆيگۈم قالدى. ھەئە، غەمخانەمگە مەھكۇم بىر ئوتقا گۇۋاھ جىمجىتلىق قالدى.

سېنىڭدىن رەنجىمەيمەن، باشتىلا ساڭا ئەگەشمىسەم بوپتىكەن. بۇ ئاچالدىن يېنىپ كېلىمەن، ئەمما ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ يەنە شۇ يەرگە كېلىپ قالىمەن. بۇ ئاچال مەندىن: «شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن قىزنىڭ تويى بولغانمىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. يۈرىكىم قانايدۇ.

بەش يىل، ئون يىل بولدى. بۇ ئاچالدا مېنىڭ ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان سۆيگۈم قالدى. ھەئە، غەمخانەمگە مەھكۇم بىر ئوتقا گۇۋاھ جىمجىتلىق قالدى.



# قەدىمىي جىگدىلىك

يىللار نەچچە مەرتەم قاسراق تاشلاپ بولدى، خۇش ھىد تارتىپ تۇرغان جىگدە چېچىكى نەچچە قېتىم پەر قاناتلىرىنى يەڭگۈشلەپ ئۆلگۈردى. بىز ۋېلىسىپىتىمىزنى توختىتىپ قويۇپ سايىدايدىغان ھېلىقى باراقسان تېرەكمۇ قېرىپ دۈمچىيىپ قالدى.

پەقەت قۇياش بىلەن ئاي، يەنە يۇلتۇزلارلا يىراقتىكى ئۆتمۈشىمىزدە قانداق بولسا شۇ پېتى تۇرۇۋەردى. ئۇلار بىزگە ئوخشاش مۇراد تاپالمىغان ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ كىتابقا يېزىلمىغان، شېئىر قىلىپ تىزىلمىغان ۋەقەلىكلىرىگە گۇۋاھ بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارغا مەڭگۈ قېرىماسلىق شاپائىتىنى ياغدۇرغان چېغى.

بۈگۈنمۇ ھال رەڭ گۈگۈم پەردىسى زېمىنغا قۇچاق ئېچىپ كەلدى. ئىزغىرىن شامال يوپۇرماقلارغا نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلايدۇ. بىر جۈپ گەۋدە ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، كەلمەيدۇ ئەمەس كېلەلمەيدۇ، بۇ يەرگە كېلىش ئەمدى ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ.

ساڭا ئۆزۈپ بەرگەن ئارچا يوپۇرمىقى ئېسىڭدىمۇ؟

ھەسرەتلىك كۆڭۈل خانەم ئىسقا تولدى. بۇلۇتلار بۇ يىلقى چېچەك پەسلىدە كۆز يېشى قىلدى. ئاھ، جىگدىلىك! بىزنىڭ كىتابقا يېزىلمىغان، شېئىر بولۇپ تىزىلمىغان، ناخشا بولۇپ ئېيتىلمىغان مۇھەببەت ھېكايىمىز!

# ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە

1

سىنىڭ رەڭسىز سۈرىتىڭگە يەنە قارىدىم، مۇنەۋۋەر. جىلۋىدار كۆلكەڭدىن، سەدەپتەك چىشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي. ئەۋرىشىم كۆيلىرىڭدىن تولغىنىپ ۋىلىقلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا يەنە كېلەمسەن؟

ئاناڭ ئەۋەتكەن پوسۇلكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كىرپىكلىرىڭدە يالتىرىغان شادلىق يېشىڭنى سۈرەتكەن نەپىس ھەم تەبىئىي ھەرىكىتىڭنى، ئۆزۈڭچە ھېچكىم كۆرمىدى دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟!

سەن ئۆيۈڭنى، ئاناڭنى سېغىنغان شۇ دەقىقىلەردە، يەنە بىرىنىڭ سېنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ باققانمىدىڭ؟!

2

يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى دېگەن بىر جاينى خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەتىگىنى يۇلتۇز ئۆچمەستە چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازى ياقۇپ نادىر مۇئەللىمنىڭ! ئاپپاق قارنى غاچىلدىتىپ غالىب قوشۇندەك گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ شەھەر ئايلانغان بىز ئىدۇق. سەن گۈلباھار، گىمناستىكىدا كىتاب ئوقۇيسەن، پەشتاققا چىقىۋېتىپمۇ

شۇ، كارۋاتنىڭدىمۇ شۇ. بۇ سېنىڭ بەختىڭ ئىدى.

3

كىچىككىنە ياتاق، قەۋەتلىك تۆت كارۋات......
كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىنكى يېرىم سائەت، بىز رومان ئوقۇيمىز، تېكىست يادلايمىز، كىمدۇر بىرسى كارىدوردا گىتار چالىدۇ. كېيىنكى يېرىم سائەت بىزنىڭ ئىلمىي «ئۇرۇش» ۋاقتىمىز. بىز تىل سىنىپىدا ئوقۇيمىز، رومان، شېئىر، تارىخ ھەققىدە تالاش- تارتىشلىرىمىز قىزىق. تولا كەتسىمۇ ھارمايمىز، شاماللار بىلەن يۇلتۇزلار ئېغىزىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار، قىزلار ھەققىدىكى گەپلىرىمىزنى ئۇلارغا دەپ قويماڭلار!

4

پەيزاۋات قىزى نۇرىمانگۇل!
سەن پەيزاۋات قوغۇنىدەك شېرىن قىز ئىدىڭ. مەن پىراكتىكىغا چىققان يېزا مەكتىپىگە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ. ھازىر ئۇ ئىشلار ئېسىمدە يوق بەلكىم. بىز تاسادىپىي تونۇشقان، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئايرىلغان. تەقدىر- پېشانىمىز شۇنداقكەن، جاھاننىڭ قانۇنىيىتى شۇنداقكەن......

5

يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى، بېغى يوق، گۈلزارلىقى يوق مەكتەپ. ئەمما، مېھرى ئىسسىق، مەرىپەت ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان مەكتەپ!
ئۇ چاغلاردا بىز ھازىرقى رېستوران دېگەننى بىلمەيتتۇق. قۇددۇس مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى تەنتەربىيە مەيدانىنى بىر ئالىدىغان

ئېلېكترونلـۇق رويـالى هـازىرمۇ بارمـدۇ؟ ئۇسـسۇلچى قىـزلار، يىگىتلەر، ئادنوشكا...... ياشلىقنىڭ گۈزەل دەملىرى!

شۇنداق بىز يەكەن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى، مەرىـپەت غۇنچـىسى، كېلەچەكنىـڭ ئىگـىسى ئىـدۇق، هـازىر ھەممىمـىز ھەر يەردە يىلىنجاۋاتىمىز.

يىگـىرمە يىـل ئۆتكەنـدە، ھەممىمـىز سـورايمىز دەپ ئۇنتـۇپ قالىمىز. بىزنىڭ ئىزىمىز هازىرمۇ بارمىدۇ؟!



## سۆيگۈ دەرياسى

نيو - يورك ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتىمەن، يۈرىكىمدە هاياجان، تىنىقىمدا ئەزگۈ سېغىنىش!

لوندون كوچىلىرىدا كېتىۋاتىمەن، كۆككە تاقاشقان هەيۋەت ئىمارەتلەرگە زەن سېلىپ كۆكرىكىمدە لاۋا، تۇيغۇلىرىمدا قايناق ئىستەك!

ئوكيانلاردا ئۈزۈۋاتىمەن،......

كۆكۈل ئاجايىپ نەرسە، دەسلەپ هاياجان بىلەن ئىنتىلگەن ئارزۇلىرىغا يەتكەندە، يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق، كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ جاهان كېزىش شەرىپىگىمۇ نائىل بولدۇم، ئەمما كۆكۈل مەيلىم هامان يۇرتۇمدا.

قارا، تەبىئەت بىلەن قاشالىنىپ تۇرغان بىپايان دالا، زېمىنىنىڭ كۆكسىدىن يىلتىزلاپ چىقىپ يەنە زېمىنغا گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى يېشىلزارلار، زۇمرەت سۈيى بىلەن تارىخنى تارىخقا، ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلاپ كەلگەن يەكەن دەرياسىغا!

تاغمۇ بار، باغمۇ هەم بار......

بىزنىڭ كاچۇڭ، قوشراپ، دامسى تاغلىرى تەبىئەتنىڭ مۆزىيخانىسى، بۇ يەردە تاغ مەشرەپلىرىنىڭ جۇشقۇن كۈيلىرى ئاقباش تاغلاردىن هالقىپ ئۆتۈپ، قۇياشنى بەزمىگە چىللايدۇ.

بىزدە سەهرا بار، سەهرالىرىمىزنى كۆرگەن سەيياه بۇ دۇنيادىكى جەننەتنى كۆردۇم دەپ فوتو ئاپپاراتىنىڭ تويماس كۆزىنى قىرلارغا، كىمخاپتەك يېشىل ئېتىزلارغا، هال رەڭ بادام

چېچەكلىرىگە تونغرىلاپ پاراسلىتىپ سۈرەت تارتىشىدۇ. مەن سەھرا قىزلىرىنىڭ كەتمەن چېپىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئالىمەن دەپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان مىسباش، كۆك كۆز ساياھەتچىلەرنى كۆرگەنمەن. ئۇلارنىڭ فوسفوردەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىقنى بىر دېمەڭ!

يەكەن دەرياسى، لىقلا سۆيگۈ مەۋجلەپ تۇرغان ئانا دەريا! ئۇچۇۋاتىمەن......



# ئارمانلىق پىچىرلاشلار

## 1

ئارزۇلىرىمىز چىچەك ئېچىپ، تەقدىر بىزگە ئۇلۇغ كۆزىدە باقتى. بىز ئاخىر ۋىسال شارابىغا ئۇلاشتۇق. چەكسىز ئىپتىخارلىق، ھاياجانلىق تىنىقلىرىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزنىڭ ئاتەشلىك باغرىغا سىڭىشىپ كېتىۋاتاتتۇق. سەن كۆزلىرىڭنى بوش يۇمۇپ گۈلدەك ئېچىلاتتىڭ، مەن سەلكىن شامالدەك يۇمران بەرگىڭگە سۆيەتتىم......

## 2

بىز ھەقىقەتەنمۇ بىر - بىرىمىزگە پەر كەلگەن بىر جۈپلەر ئىدۇق، بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، ھەتتا پۈتكۈل كائىناتقا بەختىنىڭ نېمىلىكىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق ئىزاھلاپ بەرگەن تۇرمۇشىمىزدا كۆرسىتەلىگەنىدۇق. قارا گۈلۈم! ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ يىللار ئېقىنىدىن بىزدە ئۆتمۈشتىن نۇرغۇن شېرىن چۈش ۋە تاتلىق ئەسلىمىلەر قاپتۇ. بىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ قۇياش سۆيگەن ئارزۇ - ئارمانلار ئىكەن. بىز ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ھەم سۆيۈملۈك ئىدۇق. سىردىشلىرىمىز ئىلگىرىكىدەك ئوتلۇق، ئەسلىمىلىرىمىز شۇنچىلىك تاتلىق ئىدى......

## 3

بىز مۇرىدىشىپ ئولتۇرۇپ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشقان ھېلىقى ئۆستەڭ بويىنى ئەسلەپ قالدۇق، ئۇ كۈنى مۇھەببەت ئەلچىسى گۈل ساتقۇچى قىزغا ئايلانغان، مەن ئۇنىڭدىن بىر تال ئەتىرگۈل سېتىۋېلىپ ساڭا سوۋغات قىلىپ تۇتقانىدىم...... شۇندىن بېرى بىز مۇھەببەت كوچىسىغا كىرىپ كەلدۇق، ئالدىمىزنى قاتمۇقات تاغ- دەريالار توراپ تۇراتتى. بىز نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ بۈگۈنگە ئۇلاشقاندۇق. بىز ئۆزئارا قۇربان بېرىشكە ئەرزىيتتۇق.

## 4

باللىرىمىز تايتاڭلاپ مېڭىپ بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈرەتتى. سەن ھېلىمۇ شۇنچىلىك گۈزەل ھەم جەزبدار ئىدىڭ. مەن سېنى ئەزىزلەيتتىم، سەن مېنى قەدىرلەيتتىڭ. مۇھەببەت قوينىدا كەيىپ سۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان يىللار بىزنى ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگە ئۇلاشتۇردى. بىز يەنىلا ئۆتكەن كۈنلىرىمىزدىن پەخىرلىنىپ، سۆيۈنۈپ يۈرۈشەتتۇق......

سەن كۆكرىكىمگە باش قويغان ھالدا پويىز دېرىزىسىدىن يىراقلارغا كۈلۈمسىرەپ باقاتتىڭ. كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل چىمەنزارلارنىڭ نەزىرىدە بىز ئىككىمىز ئاۋۋالقىدەكلا تولىمۇ ماس كەلگەن، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تەلەيلىك جۈپلەر ئىدۇق. مەن سېنىڭ يۆلەنچۈگۈڭ، سەن مېنىڭ مەھبۇبەم ئىدىڭ. ھېچقانداق كۈچ بىزنى ئايرىۋېتەلمەيتتى. ئامرىقىم، كۆزلىرىڭدىن ياش ئەگىگىنى نېمىسى، بەخت يېشى دېدىڭمۇ؟

مەن يېشىڭنى سۈرتمەكچى بولدۇم. سۈپسۈزۈك يېشىڭدىن بەخت پۇرىقى كېلەتتى.

## 5

شۇندىن كېيىن، بىز تېخىمۇ ئىناق ھەم خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدۇق. بالىلىرىمىز ئوماق، ساغلام ئىدى، ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىزنىڭ داچىمىز ھەم نۇرغۇن مال- دۇنيالىرىمىز، ھەم ئورنىمىز بار بولدى. سەن بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن چىققان ئايال دوكتۇر، مەن بولسام ئىككى پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالغانىدىم. ھالبۇكى، چاچلىرىمىزنى ئاق ئارىلىغان، چىرايلىق يۈزلىرىمىزنى بىمەھەل قورۇق باسقانىدى. سەن تولىمۇ كۆيۈمچان ھەم ساداقەتمەن ئىدىڭ، شۇڭلاشقىمىكىن بىز ئۇزاق يىللاردىن بىرى بىر - بىرىمىزگە يۆلىنىپ بوگۇنگە ئۇلاشقانىدۇق.

بىز ھاياتنىڭ قايرىلىش نۇقتىسىدا ماشىنىمىزنى تورمۇزلاپ بىر - بىرىمىزنىڭ قوللىرىمىزنى چىڭ سىقىشتۇق. سىېنىڭ قوللىرىڭ ئاۋۋالقىدەكلا ھارارەتلىك ھەم يۇمشاق ئىدى. يەكەن دەرياسى قىرغاقتىكى رەڭدار قۇملارنى يېنىك - يېنىك سۆيۈپ لەرزان ئاقاتتى. غەرب ئاسمىنىغا باش قويۇۋاتقان قۇياش يەنىلا ئىللىق ھەم سۆيۈملۈك ئىدى. يىراق- يىراقتىن بەكمۇ يىراقتىن گۈل ساتقۇچى قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى......

2002- يىلى، قومۇل

# ئۆتمۈشتىكى كۆيۈشۈش

بىز دەريا قىرغاقلىرىدا قول تۇتۇشۇپ يۈرۈشمىگەن، قىرغاقلاردا ئولتۇرۇپ شوخ دولقۇنلارنىڭ ئاھاڭدار شارقىراشلىرىنى ئاڭلىمىغان، قاراڭغۇ ئورمانلاردا پىنھان مۇڭداشمىغان.

ئالىي مەكتەپكە كېلىپ سېنى ئۇچراتتىم. بىز سىنىپداش ئىدۇق. بىلمىدىم قاچانلاردىدۇر، سەن قەلبىم كۆكىدە يۇلتۇز بولۇپ جىمىرلىغان شۇ كۈندىن باشلاپ، ھاياتىمنىڭ مەۋھۇم پايانىدا شېرىن چۈشەكەۋاتقان سۆيگۈ تۇيغۇلىرىم ئويغانغانىدى. سەن بىلەن بولغان مىنۇتلىرىم ئاجايىپ لەززەتلىك بىلىنىپ، تېنىمدىكى ھەربىر ھۈجەيرىلەر قايتىدىن ياشىرىپ كەتكەندەك، ئىللىق بىر سېزىم نېرۋىلىرىمنى مەستخۇش قىلاتتى. مەيىن يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىڭ، دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان بوتا كۆزلىرىڭ، قۇياشقا ئەنداز يۈزلىرىڭ، تەپەككۇر تەستىقىمنى جاھان گۈزىلى ئىچرە بىر سەن دېگەنگە قارار تاپقۇزغانىدى. كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىپ ياتاقداشلىرىم شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان چاغلاردا، مەن دېرىزە كۆزنىكىدىن سوزۇلۇپ كىرىۋاتقان كۈمۈش رەڭ نۇر تالالىرى بىلەن غايىبانە سىردىشاتتىم.

سەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتىڭ، ئۇماققىنە جىلمىياتتىڭ، قوللىرىڭنى ئۇزىتاتتىڭ. تومۇرۇمدا ماگما، يۈرىكىمدە ۋولقان ئوينايتتى.

بەزىلەر مۇھەببەتنى شېرىن ئازاب دەپ تەرىپلىشىدىكەن. مۇھەببەت مۇقەددەس، پاك، نازۇك ھەم سېھىرلىك تۇيغۇ. ئۇ ئورتاق چۈشىنىشكە، ئورتاق ئىنتىلىشكە موھتاج ئىدى. تاتلىق ھەم

چىدىغۇسىز ئازابلار يۈرىكىمدە چىچەكلەيتتى. كۆڭلەر بىر-بىرىدىن ئالدىراش ئىدى، يۈرىكىممۇ ساڭا نېمىنىدۇر دېيىشكە ئالدىرايتتى. لېكىن، مەندە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت يوق ئىدى.

گۈللۈكلەردە ئولتۇرۇپ دەرس ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشلىرىمىز، چىملىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا جاھاننىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىشلىرىمىز، سانسىز ۋاقىتلىرىمىزغا مەنە قوشقانىدى.

ماينىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەيىن شامالىلىق ئايدىڭ ئاخشىمى، ھىدلىرىمىز قوشۇلۇپ، ۋىسال قەسىرىنىڭ شاھزادە، مەلىكىلىرىگە ئايلانغانىدۇق.

مۇھەببەت كۆلدۈرىدۇ، يىغلىتىدۇ. ئۇ مۇڭلۇق سىمفونىيەسى بىلەن سېنى تەگسىز خىيالغا، شېرىن چۈشلەرگە بەند قىلسا، بىمەھەل پەيدا بولغان دەھشەتلىك چاقمىقى بىلەن تاتلىق چۈشلىرىڭنى بۇزۇپ ئۆتىدۇ.

ئوتلۇق سۆيۈشلەر، ئۇلۇغ ئىستەكلەر، ئارمانلار ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

ھەر قېتىم ساۋاقداشلار خاتىرىسىنى ئاچقىنىمدا، سېنىڭ يېزىپ بەرگەن: «بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئەنە شۇنداق تۈگىمەس بىر كۈي. ئۇنىڭ مېلودىيەسى شۇنچىلىك رومانتىك ھەم لىرىك. ئەمما، ئۇنىڭ ھەربىر رىتىمىدىن ھەسرەت، ئازاب نىدالىرى تامىدۇ......» دېگەن قۇرلارغا ئىختىيارسىز قادىلىمەن.

بىز بىر يۇرتلۇق بولمىغاچقىلا ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، بىر- بىرىمىزگە بەختلەر تىلەپ خوشلىشىشقا مەجبۇر بولغانىدۇق.

يېپىل، ئاچچىق ھىجران ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان كۆندىلىك خاتىرەم!

1993- يىلى يەكەن، ئىشقول يېزا

# سۆيۈش

مەن ئانامنى سۆيىمەن. ئانام ماڭا سۆيۈشنى ئۆگەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئاپپاق سۈتىدىن پاكلىق خۇرۇجىنى سۈمۈرگەن. ئانام ماڭا ئېغىزلىرى ئارقىلىق توقاچ بىلەن ياغاقنى چايناپ يېگۈزگەنلىرىدە، ۋۇجۇدۇمغا زەبەردەستلىك ئۇرۇقى چېچىلغان.

ئانام ماڭا ھايات، ياشاش، مۇھەببەت، سۆيگۈ بېغىشلىغان.

مەن ئاتامدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇ ماڭا مۈشكۈللۈك ئىچىدىن بەخت قېزىپ، تومۇرلىرىمدا ئەرلىك گۈلخانى ياندۇرغان. ھايات ئۇنىڭغا نامەردلىك قىلغان كۈنلەردە، ئۇ زىمىستاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ماڭا باھادىرلىقنىڭ ئىللىق ئاپتىپىنى بەخشەندە قىلغان.

مەن نىگارىمنى سۆيىمەن. ئۇ ماڭا ساداقەت، ئەقىدە گۈللىرىنى سوۋغا قىلغاندا، مەن ئۇنىڭ چوغ لەۋلىرىدىن ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، زىناقلىرىدىن قىزلار گۈزەللىكىنىڭ شەجەرىسىنى، ماڭا بەرگەن ئەقىدىسىدىن ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى تونۇغان.

مەن ئۆزۈمنى سۆيىمەن. چۈنكى، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئىنسانىي سۆيگۈ بىلەن، تېنىمنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرى غۇرۇر ۋە مەغرۇرلۇق توپىسى بىلەن قوپۇرۇلغان.

1994 ـ يىلى ئۆكتەبىر

# كۆل رەڭ ئەسلىمە

مۇھەببەتنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى بىراۋ بىزگە ئۆگەتمىگەن. ھېچكىممۇ تەڭلىمە - تېئورېما تۈزۈپ باقمىغان. بىزمۇ ئۇنىڭ سىرىنى يېشىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىغان. ئەمما سەن: «مېنىڭچە، سۆيگۈ ئۇ تەگرى چاچقان خاسىيەتلىك ئۇرۇق!» دەپ تەبىر بەرگەنىدىڭ.

سۆيگۈ مۇساپىسىدىكى سېھىرلىك ئۆتەڭلەردە ئىككى جۈپ ئىز قاچانغىچە ئۆچمەيدىكىن؟ دەرۋەقە، سىردىششقا گۇۋاھ چىغىر يول بىزنى قۇياش پېتىۋاتقان مەھەللىگە باشلاپ كەلگەنىدە، قەلبىمگە ساماۋى ئۇرۇق چېچىلغانىكەن.

قەلبىمدىكى ساماۋى ئۇرۇق بىخ سۈرۈپ، باراقسانلاپ كىچىككىنە گۈللۈككە ئايلاندى. چېچەك تۈرۈپ، گۈللەر ئېچىلدى.

كۆزلىرىڭدە ھاياجانلىق خىجىللىق بالقىپ تۇراتتى. رەستىدە دوقۇرۇشۇپ قالغىنىمىزدا، بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان تولۇن ئاي ئادەملەر ئارىسىغا چۈشكەنىدى. خېلى كۆڭگىچە ئازابلىق كەچمىشلەرنى ھاپاشلاپ يۈردۈم، بوغۇزۇمدا سىمايىڭدىن پۈتكەن ساماۋى ناخشا، خىيال ئالىمىمدە ئاچچىق پۇشايمان، ئۆكۈنۈش بولدۇقشۇپ تۇرىدۇ.

ئاي چىراغ بولۇپ چىغىر يولنى يورۇتقان يولدىكى بەختىيار ئىككى سايە، قىيالماسلىق بىلەن ئايرىلغاندىكى ئىلتىجالىق ئىسقىرت مۇزىكىسى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمدۇ؟ ئېيتە، سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ئېكىنزارلىقىغا ساماۋى ئۇرۇق قاچان چېچىلغان بولغىيتتى؟

# مۇھەببەتنىڭ باغرى يۇمشاق

1

يۇرەكچە شەكىلدە كۆيۈۋاتقان شام يالقۇنى ئەسلىمە بەتلىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغاندا، ھىلال ئاينى روجەكلىرىم ئالدىغا باشلاپ كەلگەن كىم؟

سىلەر نېمىشقا مەندىن نېرى كەتمەيسىلەر؟

قىز سالامىنى ئېلىپ كەلگىنىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار ئەمەس. قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇش يولىدا يول ماڭغانلارغا بىر ئۇلۇش ساۋاب بار!

مەن ئۇ قىزنى گۈڭگا ۋەقەلىكلىرىم دۆۋىسىدىن تېرىۋالاي، يوپۇرماق گۈللىرى ئېككىمىز ئولتۇرغان قېيىققا شىرىلداپ تۆكۈلگەن مىنۇتلارنى ئۇمۇ ئېسىگە ئالسۇن......

2

تەبىئەت يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالدى.

دەريالارنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان مۇزلار ۋاپادار قۇياشنىڭ مېھرىدىن چاك - چاك يېرىلدى ۋە ئاستا - ئاستا ئېرىپ يىراق - يىراقلارغا ئاقتى. باھار سەھىرى مەيىن شامال ھىدلىرىنى سالامغا ئەۋەتىپ يۈزلىرىمنى سۆيدى.

مەن باھار شامىلىغا ئەگىشىپ مەئىشەت پەسلىنى تويغا

چىللىغـان مـۇنبەت تۇپراققـا قەدەم باسـتىم. سـەھەر ھـۇزۇرى پەسىللەر ئەركىسىنىڭ نەپىس كۈيلىرىگە جور بولۇۋاتاتتى.

— رەنجىمە، — دېدىڭسەن ئىككىمىز يالغۇز قالغانـدا، — بۈگۈن بىزگە مېھمان بولۇپ قال، بىز ئۇبدان مۇڭدىشايلى!

بىز ئالتۇن رەڭ خامان دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتـۈپ، زەڭگەر ئاسمان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردۇق......



# نىگاھ

— مەھبۇبەم، ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆز يېشىغا ئىشىنىۋەرمە!

— نېمىشقا؟

— سەن تىمساھنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەنمۇ؟!

— ھەئە، ئۇنىڭ كۆز يېشى باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشتىكى دەسمايىسى.

— ئەمىسە سەن ئاھۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەنمۇ؟

— ياق، ئۆزۈڭ دەپ باققىنە.

— ئۇنىڭ يېشى تەقدىرى تەتۈر كېلىپ جۈپتىدىن ئايرىلغان بىچارىنىڭ قىلغان ئۈنسىز نالىسىدۇر!

## ھەسەن - ھۈسەن باغچىسى

گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى يامغۇردا يۇيۇنغان دەملەرنى يۈرىكىمىزگە ئويۇۋالغان بولساق!

گۈللەر يېڭىلا ئېچىلغان باغنىڭ يېنىدا ئازابلارغا چىلىشىپ يۈرمەن. سىنىڭ ھىدىڭ گۈللەرگە ئەنداز، سىنىڭ ھىدىڭ باغ قاشالىرىدىن ھالقىپ تىنىقلىرىم بىلەن ئاداققى مەرتەم خەيرلىشىۋاتقان دەمدە، يامغۇرنىڭ ئازابىنى كىممۇ مەندەك تېتىپ باققان؟

يامغۇر توختىدى، ھەسەن - ھۈسەن مەھەللەڭنى پەتىلەپ كەلدى. گۈللۈك ھويلا ھەسەن - ھۈسەن بىلەن، يەنە رەڭدار قاناتلىق كېپىنەكلەر بىلەن باشقىچە بىر دۇنياغا ئايلاندى. سەن ئەتلەس كۆڭلىكىڭ بىلەن تالاغا چىققىنىڭدا، مېنى كۆرمىدىڭ. ھەسەن - ھۈسەن گۈلزارلىق ھويلاڭدىن كۆچۈپ كەتمىدى، گۈللەرمۇ ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭلىنىپ پورەكلەپ ئېچىلۋەردى.



# قۇشقا ئايلانغان سېغىنىش

## 1

كۈيزارلىقىمدا چېچەك ئاچقان ھەسرەت گۈللىرىنىڭ شەپەق رەڭ بەرگىلىرى ئۇپۇقنىڭ چېھرىگە چېچىلغىلى نىكەم، ئالتۇن پەيلىك سېغىنىش قۇشلىرىمنىڭ دېرىزەڭ ئالدىدىكى گىلاس شېخىدا سېنى بىتاقەت كۈتۈشلىرىدىن خەۋىرىڭ يوق ئەمەسقۇ؟ سەن خىيال تۆشىكىدە زادى كىمنى ئويلايدىغانسەن؟

سەنمۇ مېنى سېغىنامدىغانسەن، بۇنى مەن بىلمەيمەن. سېغىنچىم ساماۋى قۇشقا ئايلىنىپ سەن تامان ئۇچۇپ كەتتى. ناۋادا ئۇ ساڭا يولۇققۇدەك بولسا ئېيتىپ قوي مەھبۇب، سېنى زېمىندىنلا ئەمەس كۆڭۈل دالايىمدىنمۇ ئىزدىسۇن!

## 2

سېنىڭ بىپەرۋالىقىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن قۇياشنىڭ خۇيى تۇتۇپ ئۆيىگە كەتتى. خەيرلىك گۈگۈم، ئىچى پۇشقان تۇمان، ئاچچىق شامالمۇ تاقەتلىك كۈتۈشلىرىمگە ئىچ ئاغرىتقىنىچە نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىگەن ساماۋى قۇشلار ئاق كېچىلەرگە بىچارە ئاشىق ھەققىدىكى ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

## 3

ئۈيقۇ دۇنياسىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ مۈك ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقان ئاشىق خىيال پەنجىرىسىدىن يىراقلارغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىدۇ. سېغىنىش قۇشلىرىم نېمىشقا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ مەنزىللەردە ئالۋۇن بولۇپ جىمىرلاپ تۇرغان شەيتان قىز، چۈش ۋەتىنىدە تاشلىنىپ قالغان، سېغىنىش - ھىجراندا ۋەيلۈن ئازابىنى تارتىۋاتقان قۇش باققۇچىنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ قويساڭ - ھە؟

كىرپىكلىرىمنى جۈپلەپ ئىچىمنى تىڭشايمەن، شۇ چاغدا سەن ماڭا قۇچاق ئاچقان ھالەتتە پەيدا بولىسەن. مېنىڭ ساڭا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىدىن قالغان ئۇدۇمنى دېگۈم كېلىدۇ.

## 4

كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىڭ يالغان، تۈيغۇن يۈرىكىڭنىڭ مەن تامان سوقۇشلىرى ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويدى. مىسكىن قەلبىم ئازاب شارابىنى يەنە بىر قېتىم سۈمۈردى. ئازاب ئىچىدىكى مەستخۇشلۇق، ئاشىقلىقنىڭ بېشارىتى!

## 5

چاقىردىڭ......

يۈرىكىم تىپىچەكلىگەن ھالدا يۈگۈرگىنىمچە يېنىڭغا كەلدىم. سېغىنىشلىرىمنى پەپىلەپ مەستخۇش بولغان دەمدە، سەن شامال كەبى مەندىن يىراقلاپ كەتتىڭ مەھبۇب. بولدى يىراققا

كەتمىگىن، مەنمۇ ئەمدى ھىجران كارۋىنىنىڭ ئىزىنى ئىزلەپ قايمۇقۇپ يۈرمەي، سېغىنىش قورغانى ئىچىدە تۇرۇپ خىيال قۇشلىرىمنى دانلىتىپ ئۆتەي. ئاقىۋەت، بۇ قۇشلار مۇھەببەت كۆكىنى چاك كەلتۈرۈپ ئاشىقلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى بايان ئەتكەي.

6

مەن بىر ئۆمۈر سېغىنىش قۇشلىرىنى باقىدىغان ئاشىق بولۇپ ياشاشقا رازى. سەن قۇشلىرىمنى ئۇچراتقان دەمدە، سۇمبۇل چاچلىرىڭنى يەلپۈتۈپ مەن تامان كېلىسەن، ئارمانلاردىن ھالقىپ شەبنەم قونغان پاكىز چېچەكتەك گۈزەل تاڭلاردا بەرق ئۇرىمىز، ياشاش سائەتلىرى توشقان دەملەردە بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ نۇر ئىچىگە سىڭىپ كەتسەك، مانا بۇ ھەقىقىي ئاشىقلىق ئەمەسمۇ؟



# ئۈچ دېرىزە

## ئۆمۈر دېرىزىسى ئالدىدا

تۇيۇقسىز ساڭا تېلېفون قىلىشنى ئويلاپ قالدىم، شۇغىنىسى نومۇرىڭنى بىلمەيمەن. نېمىشقىدۇر بىر ئامال قىلىپ بىلىۋالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. ھاياتتا ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ لېكىن، ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن سەۋدا ياشلىقتا كىممۇ بىرگە ئوخشاش خىياللارغا گول بولمىدىم دېيەلەيدۇ؟

مەن ھەر قېتىم كائىنات مەن بىلەن بىللە يېڭى يېشىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، ئازابلىق ھەم ئەزگۈ ئويلار ئىچىدە ئاشۇ ئون يىل بۇرۇنقى سەۋدا پەسلىمنى، سەۋدالىق كوچىسىدا ئۆتكەن مىنۇتلىرىمنى ئەسكە ئالىمەن. ئون يىل! ئەي، قەدىمىي ناخشىدەك ئۇزاقلاشقانسېرى سىرلىق بىلىنىدىغان تەسىرلىك مۇھەببەت! بەخشەندە قىلىدىغان شادلىقىڭدىن ئىزتىرابىڭ كۆپ رىۋايەتسىمان چۈشسەن. ساڭا ئەسىر بولغانلار بەخت ساھىلىدا ئۆزىنى يەكتا بىلسە، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا خۇددى بىرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئۈنسىز نىداسى، كۆز يېشىغا غەرق بولىدۇ……

— قەدرىڭگە يەتمىدىم، مېنى كەچۈر، — دېگەنىدىڭ ئاي نۇرىغا پۈركەنگەن كېچە قوينىدا مۇرەمگە بېشىڭنى قويۇپ تۇرۇپ.

— ياق، تەقدىردىن كۆرىمەن، — دېگەنىدىم ھۆكۈم كۈتۈۋاتقان مەھبۇستەك قىينىلىش ئىچىدە.
ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كېچە، يۇلتۇزلار بەكمۇ چىرايلىق، ئالتۇن ئاي مەشۇقى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتقان قىزدەك خىجىلچان، گۈزەللىككە تولغانىدى. تارازا مىزان يۇلتۇزى بېشىمىز ئۈستىدە ئەتىكى جۇدۇننى دېرەكلەپ تۇراتتى.
قەدىرىم ئۆتۈلگەندۇر، بەلكىم يىللار ئۆرۈلۈپ كىملەر سېنىڭ قەدرىڭگە يەتمىگىنىدە. دۇنيادا مەندەك بىر ئادەم ئۆتكەن، سېنى ئەزىزلەپ، چىن دىلىدىن بارلىقى بىلەن سۆيگەن، ھەتتاكى چاچلىرىڭنى شامالاردىن، يۈزلىرىڭنى ئاپتاپتىن قىزغانغان.
قەدرىم ئۆتۈلگەندۇر، كىم بىلەندۇر ماڭغىنىڭدا، مەسئۇلىيەت - بۇرچ يۈكىنى كۆتۈرۈپ چەكسىز تۇرمۇش كارۋانلىرى ئارىسىدا ئۇزاق سەپەرلەردە سىنىشىشلاردا. سىلەر يامغۇردا قالغاندا، ئۇ قولۇڭدىكى كۈنلۈكنى ئېلىپ، بىر قولى بىلەن سېنى قولتۇقلىۋالغانمىدۇ؟ تاۋلىڭ بولمىغاندا، ئېرىنمەستىن بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئەكېلىپ ئالدىڭغا ئاستاغىنە قويغانمىدۇ؟ شەنبە - يەكشەنبىلەردە باغچىغا ئاپىرىپ ئادەمخۇمار ئاق كەپتەرلەرگە دان تاشلىغاچ مۇڭدىشىش - لىرىڭدىن زوقلىنىپ، ئالتۇن پەيلىك مەلىكىگە ئايلىنىپ خىيالىي ئاسماندا پەرۋاز قىلىشىڭغا ماقۇل بولغانمىدۇ؟
«ياق!» دېگەن بىر مەۋھۇم سادا يۈرىكىمگە ئوق ئۈزىدۇ. بىز ئاشۇ چاغلاردا يېقىنلا يەردە تۇرۇشۇپ مەكتۇپ يېزىشاتتۇق؟ ئېسىمدە، سەن سالام خەت قەغىزىنى بەكلا تاللايتتىڭ، بولسا قاتتىق، سىلىق، سۇتتەك ئاق، بۇرجىكىگە گۈل - نەقىشلەر ئىشلەنگىنىنى ئىشلەتەتتىڭ، بولمىسا گۈل بىلەن قۇش ياكى بىر جۈپ يۈرەكنىڭ سۈرىتىنى نەقىشلەپ قوياتتىڭ.
تېلېفون ئارقىلىق ئادەم بىلەن سۆزلەشسە، مەكتۇپ ئارقىلىق يۈرەك بىلەن سۆزلىشىدۇ.
شۇنداق، بىزگە ئوخشاش ئۇنتۇيالماسلىق قىسمىتىگە مەھكۇم

بولغانلارنى قاراۋۇل ۋە قامچا ـ كالتەك ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ يۈرىكىلا ئازابلايدۇ.

يېڭى يىل هارپىسىدا ئۇزاق كونا يىل ئەستىلىكلىرى ئىچىدە مەن كېچىنىڭ بىر يەرگە بارغىنىدىن خەۋەرسىز هالەتتە ئۆز خىيالىم بىلەن مۇلاقەتتە بولىمەن.

ۋىسال، سەن مەۋجۇتسىز ئەتىسەن، نۇرغۇن ئىنسانلار سېنىڭ سىرلىق، ئەمما گۈزەل تېگىڭگە يەتكىنى يوق، سېنىڭدىن يالدامى قالدىغىنى پەقەتلا بۇگۈنكىدەك ئاچچىق ئەسلىمە......

هايات زەنجىرىمىزدىن بىر ئالتۇن هالقا قىسقىرىدى. ئەتىدىن باشلاپ بىز هاياتنىڭ يېڭى چاقىرىقىغا ئۈن قوشىدىغان بولدۇق. ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىغىنىدا، ئۆتۈپ كەتكەن سەۋدا ياشلىقتا كىممۇ بىزگە ئوخشاش قويمىچى خىياللارغا گول بولمىدىم دېيەلىسۇن؟

## جانان دېرىزىسى ئالدىدا

مەن هەر قېتىم مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، هەيۋەت بىلەن قەددىنى كېرىپ تۇرغان ئاشۇ قەۋەتلىك ئۆينىڭ دېرىزىسىگە هەۋەس بىلەن قارايتتىم. كۈنلەر كۈنگە، ئايلار ئايغا ئۇلىشىپ، مانا ئەمدى دېرىزە كەينىدىكى مەهبۇب ۋە ئۇنىڭ يۈرەكنى لال قىلغۇدەك ناخشىسى مېنى سېهرلەپلا ئالغاندەك، كۈندە دېگۈدەك قەدەملىرىم مۇشۇ يەرنى ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى. يازنىڭ شامالىق كۈنلىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسام، ماگىمىدەك قىزىق بىر هاياجان قەدەملىرىمنى توختىتىۋالاتتى. قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ناخشا تولىمۇ نەپىس، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەتتى، بولۇپمۇ ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان گۈزەللىك شاهىنىڭ بىر جۈپ شەهلا كۆزلىرى مېنى خىيالچان قىلىپ قويغانىدى.

دېرىزە قىيا ئوچۇق ئىدى، ئۇنىڭ قۇياشقا قاراپ ئېچىلغان كۆزنەكلىرىدىن نۇر قايتىپ تۇراتتى. مەھبۇب ناگان - ناگاندا تۆۋەنگە قاراپ قوياتتى. ھالبۇكى، مەن قانچە ئارزۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭكى بىلەن پەقەت ئۇچراشمايتتى. دېرىزە بەزىدە شامال ئۆتۈشمىگۈدەك ھىم يېپىلىپ قالاتتى. نەپىس ناخشا، گۈزەل بىر تەن پەقەت ئاشۇ دېرىزە ئارقىلىقلا توسۇلۇپ تۇراتتى. بۇ ھال يىراق دەشت - چۆللەرنى بېسىپ مەشۇقنى كۆرۈشكە كەلگەن ئاشىقنىڭ سېپىلغا توغرا كېلىپ قالغىنىغا ئوخشايتتى.

تەقدىر ئۇلۇغ كۆزىدە بېقىپ، ئاخىر دېرىزىنىڭ كەينىدىكى گۈزەل دۇنيانى كۆرەلىدىم. كۆرەلىدىملا ئەمەس، ھەممىگە ئىگە بولدۇم. جەننەتنىڭ ھۆزۈرى مۇجەسسەم ئۆي، تەڭداشسىز گۈزەل ساھىبجامال، تۈگىمەس بايلىق ھەممە، ھەممىسى پەقەتلا مېنىڭ ئىدى.

كۈنلىرىم تولىمۇ بەختىيار ئىدى. مەن دېرىزىنىڭ ئارقىسىدا ھاياتنىڭ شاھانە ھۇزۇرىنى سۈرۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، دېرىزە بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە يېپىلىپ قالاتتى. بىر كۈنى مېنى سۆيگەن سەنەمنىڭ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا، كىملەرگىدۇر تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز سېزىپ قالدىم. ئاھ، نە ئازاب، نە ئادالەتسىزلىك - ھە؟ ئاشۇ چاغدا مەن نېپىز چاڭ قونغان دېرىزىگە قاراپ مەھبۇبەم بىلەن خوشلاشمايلا كېتىشنى قارار قىلدىم.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. كۆكۈل دېگەن ئاجايىپكەن، دېرىزە سۈزۈك چاغدا تەلمۈرۈپ ئۆتكەن كۈنلەر قالدۇرغان ئەستىلىكلەر قەدەملىرىمنى كونا جايغا سۆرەپ كەلدى. دېرىزە قاناتلىرى قىيا ئوچۇق، دېرىزە كەينىدىكى مەن تاشلاپ كەتكەن ۋىسال دۇنياسى ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولغان، مېنىڭ ئىزلىرىممۇ تامام ئۆچكەنىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىماسلىققا، دېرىزە كەينىدە ئۆتكەن كۈنلەرنى

ئۆتمۈش خارابىسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە تىرىشتىم.
كۆڭلەر ئۆتۈپ ھېلىقى دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرۈپ قالدىمكى، مېنىڭدىن كېيىن كەلگەن ھېلىقى مېھمانمۇ پەستە لېۋىنى چىشلىگەن پېتى ئۈستىدىكى دېرىزە كەينىدىكى بىر جۈپ سايىگە ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى.
ئەتراپىمىزدا دېرىزە ناھايىتى نۇرغۇن، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىكى دۇنيا خىلمۇخىل ھەم مۇرەككەپ ئىكەن. مانا ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئوخشاشلا يەنە بىر دېرىزە كەينىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى مېنىڭ دېرىزەم داغ، خىرەلىكتىن خالىي، كۆڭلۈمدە دېگۈدەك پەقەت قۇياشقىلا قاراپ ئېچىلاتتى. ئۆزۈمنىڭ دېرىزەم، دېرىزەم كەينىدىكى دۇنيا ھەم دۇنيادىكى مۇھەببەت نەقەدەر گۈزەل – ھە!
سەرەڭگە قېپىدەك سانسىز دېرىزىلەرگە نەزەر سالدىم......

## بەخت دېرىزىسى ئالدىدا

— قانچە پۇلىڭىز بولسا باي ھېسابلىناتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان قىزدىن.
— 50 مىڭ يۈەن پۇلۇم بولسا! — قىزنىڭ كۆلكىسى تولىمۇ تەبىئىي ئىدى.
— قانچىلىك پۇلىڭىز بولسا......
— 100 مىڭ يۈەن، — مەن بىلەن بايلىق تېمىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى چوكان مىيىقىدا كۈلدى.
— 200 مىڭ يۈەن! — بىر بالىنىڭ ئانىسى بولغان ھېلىقى سىردىشىم تۈزلا ئېيتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىك تېمىپ تۇرغان چىرايى ئىپادىسىز ئىدى.
بىر قارىسا ناھايىتى ئۇزاقتەك، بىر قارىسا يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلگەن يىپتەك قىسقا بىلىنىدىغان ھايات ئېقىنى بىرقانچە

يىلدىن كېيىن مەن بىلەن بايلىق تېمىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى چوكاننى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتۇردى.

— ھەي، نېمىسىنى دەيسىز، پۇلۇم يوقتى، ھەسسىلەپ كۆپەيگىلى تۇردى، خۇددى ئارزۇيۇمدىكىدەكلا. ھەممەم تەل، ئەمما سىزگە راستىنى دېسەم ئىللىق بىر ئائىلەم بولغان بولسا بايلارنىڭ كاتتىسى بولۇپ قالاتتىم.

— نېمىشقا بۇرۇن شۇنى ئويلىمىغانىدىڭىز؟

— سىزگە تەئەللۇق بولمىغان پۇلنى قانچە ئارزۇ قىلىۋەرسىڭىز، ئۇ مەۋھۇم پەردىگە ئايلىنىپ كۆڭۈل دېرىزىڭىزنى شۇنچىلىك توسۇۋالىدىكەن، پۇلغا بولغان چوقۇنىشىڭىز شۇنچە كۈچىيىدىكەن. پۇلدىن، پۇل ئېلىپ كەلگەن رەزىللىكلەردىن قانچە بەزگەنسېرى ھېلىقى قارا پەردە شۇنچە نېپىزلەيدىكەن. ئۆمرىڭىزنى خورىتىشقا سەۋەبكار ئاشۇ پەردە تامام يوقالغاندا پۇلدىن ئىبارەت ئەرزىمەس نەرسىنىڭ ئەمىكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى، گۈلىستان بولۇشقا تېگىشلىك روھىي تۇپرىقىڭىزنى قۇم باسقانلىقىنى ھېس قىلىدىكەنسىز.

ئايالىنىڭ چاچلىرىغا قىرووۋ قونغان، ئۇ كۆلەڭدىگەن بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا كۆزۈمگە شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈندى.



# يامغۇرنىڭ سۈرىتى

چۈشلىرىمنىڭ بۆزۈلۈشى — ھىجرانىمىزنىڭ شەپىسى. تۈنجى سۆيگۈنىڭ تەۋەللۇتى — يۈرەك سىرلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن يوشۇرۇپ يۈرۈشلىرىمىزنى، بوشلۇقتا سىلكىنگەن ئوتقاش ياغلىقىڭنى ھېلىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق.

سۈرىتىڭگە تىكىلگىنىمدە، شائىرانە ئەزگۈلۈك ئىچىدە ئېرىپ كېتىمەن.

پات - پات چۈشلىرىمدە پەيدا بولىسەن. تاڭ خورىزى چىللىغان پەيتتە، بىز ئانا دەريا بويىدا كۆرۈشەيلى. ئاسماندا ئاي ياكى قۇياش ئەمەس، يېڭى بىر سەييارە پەيدا بولسا-ھە؟! نېمىشقا دېسەڭ، قۇياشمۇ بىزنى كۆرگەندە ئۆيگە ئالدىراپ دېرىزىسىنى ئېتىۋالىدىكەن، ئايمۇ يۈزىگە بۇلۇت چۈمپەردىلىرىنى چۈمكىۋېلىپ، بىزنى قاراڭغۇدا قويىدىكەن. سەنسىز كۈنلەر، مەن ئۈچۈن دوزاختەك بىلىنىدۇ.

چۆچۈپ ئويغىنىمەن. ياستۇقۇم ئۈستىدە نەملەنگەن سۈرىتىڭ مەيۈسانە باقىدۇ. سىرتتا سىملداپ يېغىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە ئەينىكىگە ئۆزىنىڭ يىغلاۋاتقان سۈرىتىنى سىزىپ قويۇپتۇ. مەن دېرىزەمنى ئاچتىم، سىملداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئارىسىغا كۆز يېشىم بىلەن سېنىڭ ئىسمىڭنى يېزىپ قويدۇم......

1994-يىلى ئۆكتەبىر

# سۆيگۈ دەرىخىنى سۇغىرىپ قوي

## 1

— دوزاخ نەدە؟ — سورىدى بىرسى قاۋاقلار كوچىسىدا كېتىۋېتىپ.

— سۆيگۈنىڭ ئۆلگەن جايىدا، — دېدى بىرسى كۆزلىرىدىن دوزاخ ئوتىنى پۈركۈپ تۇرۇپ.

يۈرىكىمدىكى بىر كۆپلىيت شېئىر كۆيۈپ كۈل بولدى، ئەمدى مېنىڭدە سۆيگۈ دېگەندىن ئەسەر قالمىدى. مەن جەننەتكە ئوخشىمايدىغان بىر جايغا كېتىۋاتىمەن، ئۇ يەردە مەن «دوزىخى» دەپ تىللايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئوت دەرياسىغا چۆمۈلۈۋاتاتتى.

يۈرۈگىلار باللار، بىز ئۈچۈن ئالەمنىڭ ھەممە يېرى جەننەت، بىز بىرىپ كىچىككىنە چېلىكىمىزدە، ئاۋۇ باراقسانلاپ تۇرغان دەرەخكە سۇ قۇيۇپ قويايلى!

## 2

سېنى ئەزگۈ ئارمانلار ئىلكىدە سۆيمەكنى ئىزدىگەنىدىم. شۇڭا، مەن تاغ يۈدۈۋالغاندەك مۇشكۇلات ئىچىدە يېنىڭغا كەلگەنىدىم.

گۈللەر چېچەكلەپ رەڭدار كېپىنەكلەر سېنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، سېنىڭ يېنىڭدا ئىدىم. مېنى ئۇنتۇپ كېپىنەككە رام بولغىنىڭ نېمىسى؟!

بىز شۇندىن كېيىن ئۇزاققىچە دىدارلىشالمىدۇق. ئورمانلىقتىكى مىليون يىللىق سۆيگۈ دەرىخى ھېلىمۇ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقىغا ئويۇلغان ئىككى ئىسىم بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ!

يىراقتىن بىر توپ بالىلار چۇرقىرىغىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. بىز بالىلارغا قوشۇلۇپ بەخت ناخشىسىغا جور بولدۇق. مۇشۇ سەبىي بالىلار مەڭگۈ ئۆيىگە كەتمىسە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچساق، تېپىشماق، چۆچەكلەر ئېيتىشساق، ھېچكىم تۇيمىغاندا سۆيگۈ دەرىخى تۈۋىگە سۇ قۇيۇپ قويساق......

شۇنداق ئارمانلار ئىچىدە بىرسىمىز كاككۇك، بىرسىمىز زەينەپكە ئايلىنىپ كەتتۇق. بىز سۆيگۈ دەرىخىگە قونۇپ تۇرۇپ شېرىن دەملەرگە چۆمۈلدۇق. بىز ئاشۇ ئورماندا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ماكانلىشىپ قالدۇق.



# كۆز گۆھىرىمدىكى مەلىكە

ئامرىقىم، تۆت پەسىلنىڭ باھارى، ياشلىق گۈلىستانىنىڭ سۇلماس سەبدەسى سەن! تاڭ شەپىقىنىڭ ئالتۇن نۇرىغا پۈركىنىپ ئۇخلاۋاتقان زېمىنىنىڭ لەرزان شىۋىرلاشلىرىنى تىڭشىيالىدىڭمۇ؟

مەغرىپ بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىلىقى بىر غېرىچكەن. قارا قۇياش پېتىۋاتىدۇ. كەل، ئولتۇر، بۈگۈن بىز قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىغا قانغۇچە تىكىلىۋالايلى......

سەلكىن شامال يىپەكتەك چاچلىرىڭنى ھەر قېتىم سۆيۈپ ئۆتكەندە، شاماللارغا ھەسەت ئارىلاش تىكىلگىنىم ئېسىڭدىمۇ؟ دالىلاردا قوللىرىڭدىن يېتىلەپ مەنزىلسىز يۈگۈرگەنلىرىم كۆڭۈل كۆزنىكىڭدىن بىمەھەل ئۆچۈپ كەتمىگەنلا بولسا، دىماقلىرىڭدا ھىدلىرىم مەۋج ئۇرۇپ تۇرغاي!

جانان، ماڭا باق، قوللىرىڭنى مۇرەمگە قوي، كۆز گۆھىرىمدە ساقلاقلىق مەھبۇبەمنىڭ سىيماسىنى كۆرۈپ قوي.

يۇر، ۋىساللىق چۈشلىرىمىزگە قايتايلى، قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ تۇرغان ئاۋازىڭ، كاككۇكلارنىڭ مۇقاملىرىدا سەير ئەتسۇن، سەن ئىككىمىزنىڭ ئەتىسى سۇرەتلەنگەن قول ياغلىقنىڭ داۋامىنى كەشتىلە!

1993 ـ يىلى دېكابىر، يەكەن

# ۋىسال دوقمۇشى

## 1

سىنىڭ كۆز يېشىڭ يانار تاغ ئۈستىگە ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ.

كۆز يېشىڭ سۈكۈتۈمگە سۈكۈت قوشتى. مۇھەببەت — ئاسمىنى كەڭرى مەڭگۈلۈك جەننەت!

چىغىر يوللار چۆچەك ئېيتىدۇ، ئازغۇن تۇمانلار ئاسمانىنىڭ ئەڭلىنى توسالمايدۇ. مەشۇقىنى كۈتۈشتىن بەختىيارلىققا چۆمگەن ئاشىق دۆڭدىن چۈشۈپ يىراقلاپ كەتكەن بىلەن، ئەتە يەنە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

## 2

ھىلال ئاي جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن مارىلىغان كېچە، سەن ماڭا تۇتقان يىپەك قول ياغلىقىڭنى ياستۇقۇم ئۈستىگە قويۇپ يۈزۈمنى يېقىپ ياتتىم. ئۇنىڭدىن سېنىڭ سەلكىندەك شىۋىرلاشلىرىڭ ئاڭلىنىدۇ. ۋەدە - قەسەملەر بىزگە بىھاجەت. كۈت، كۈتەيلى جېنىم!

تىمتاس مەھەللە مېنى ئۈزىتىپ قالدى. ھىجران دوقمۇشىغا كەلگەندە، كەينىمگە قايرىلىپ قارىغىنىمدا، سەن كۆرۈنمەيتتىڭ.

بىلىمەن، بىزنىڭ مەھەللىدە قىز بىلەن يىگىت يالغۇز

كۆرۈشمەيدۇ. يىگىتنىڭ ئادەملەرنىڭ كۆزىچە مەھەللە بېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقمايدۇ. بىزنىڭ يۇرتنىڭ قىزلىرى شەرم- ھايالىق، شۇڭا يۇرىكىدە لىقلا چوغ، سېغىنىشلىرىنى يىگىتنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتەلەيدۇ.

## 3

كۆلپەتلىك سۆيگۈمىز باھاردىكى زىمىستاندا ياش تۆكۈپ نالە قىلغاندا، ۋىسال ئاسمىنىنى قارا تۇمان قاپلىدى.

ناۋادا، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاشۇ قىزنىڭ تويى بولماقچى بولسا، توي قازىنىغا توپا تاشلىسام، ئادەملەر مېنى سارائ دەرمۇ ياكى خاتا قىلغان ئىشلىرىنى تۈزىتىشكە سەۋەب ئىزدەرمۇ؟!

بىزنىڭ مەھەللىدە تويى بولۇپ بولغان قىزنى سۆيگۈنىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئىش يوق. شۇڭا، بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاتاڭغا دېيەلمىسەڭ ئاناڭغا دېگىن ساددا قىز!

يىراقتىكى ۋىسال كۈيلىرىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ تاغ كەينىدىن ئاڭلىنىۋاتقان نەي ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ۋىسال دوقمۇشىغا ئاز قالدۇق، مېنى كۈتكىن......



# چۈشتىكى شەھەر

## 1

خىلــۋەتتىكى مەجنۇنتالنىــڭ قاخــشال شــاخلىرىنى ماكــان ئەيلىگەن بۇلبۇلۇم ئەمدى نەگە قونار؟

تۇنجى مۇھەببىتىمىزنىــڭ ھامىيــسى ـ چەشــمە بــۇلاق يۈزىــدە توگىلىغان كۆكۈش مۇزلار، بۇلاقنىڭ يۈزىنى توســۇۋالغۇچە ۋاراسلاپ يېرىلساڭلارچۇ؟!

بــۇ يەردە ئىككــى يۈرەكنىــڭ ســاماۋى تىلەكلىــرى، ئىككــى ئىنسانىنىڭ مۇقەددەس قەسەملىرى قالغان.

ئېتىرلىقــى، ئىېرىــق ـ ئۆســتىڭى يــوق، ئاســمىنى ئېتەكــتەك، قۇياشى ئاپتاپسىز، ئەگزى تۇتەك شەھەر ئۇ ھېكايىلەرنى بىلمەيدۇ. قەلبىمىزدە يىلتىز تارتقان مۇھەببەت دەرىخىنــى پەرۋىشسىز قويغــان كىم؟

ھــازىر مەن سۆيگۈنۈم ئۈچــۈن بەختــسىز، ســەن سۆيۈلگىنىڭ ئۈچۈن.

## 2

مەندىن سوۋغات سورىغانىدىڭ. مەندە سېنى خۇش قىلغۇدەك مال ـ دۇنيا، نە قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەت يوق. لېكىن، سېنى نائۈمىد قويسام بولمايدۇ، شۇڭا جاھانىدىكى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ

قىممەتلىك نەرسەمنى ــ مۇھەببەتلىك يۈرىكىمنى سوۋغا قىلاي.

3

سەندىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىمەن...... بەگباش نەپرىتىم مەندىن خۇپىيانە ناگان ـ ناگاندا سەندىن مۇھەببەت سورايدۇ.



# تەپەككۇر قەترىلىرى

ۋاقىت روھىمىزغا شىر ئىقلاپ ئېلىپ قىلغانىدا، كەيىپ بىزگە تۇيدۇرماستىن تومۇرىمىزدىكى قانلىرىمىزنى ھە دەپ شورىغان. بىز بوتۇلكا ئەتراپىغا ئۇيۇشقاندا، ئۆزىمىزچە داغلىق سانالغان ئەرگە، باھادىرغا ئايلانغان. قولىمىزدىكى روھىمىزنىڭ تىترىشى نېمىدىن؟ روھىمىزغا قۇيۇلىدىغان ۋاقىت تۈگەپ، ئەمدى نۆۋەت قېنىمىزغا كەلدى.

× × ×

ئېرىشىش بار يەردە قۇربان بېرىش بار. ھاياتتا بىرىگە ئېرىشسەڭ، يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى. «ئېلىپ»نى بىلىپ «بە»نى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. ئەمما، قۇربان بېرىش نۆۋىتى كەلگەندە، «ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى پەقەت قۇربان بېرىش ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

× × ×

ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن ھە دەپ بېشىڭنى سىلاپ، ئىلتىپات كۆرسىتىش بەدىلىگە ھۆرمىتىڭگە ئېرىشكەن ئادەم، ئەڭ مۇھىم

پەيتتىكى تەقدىرىڭنى خاتا بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن.

× × ×

چۈشىنىشنىڭ ئۆزى مۇھەببەت.

× × ×

بۈگۈن بىر غۇلاچ يەرگە قول ئۇزىتىشقا ئېرىنسەڭ، ئەتە ئون غۇلاچ يەرگە شوتا قويۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىسەن.



# يۈرەكتىكى مەخپىي ئارخىپ

## 1

«ئادەم ئىككى مەرتەم تۇغۇلارمىش، بىرىنچى قېتىم ھاياتقا كۆز ئاچقان كۈنى، ئىككىنچى قېتىم مۇھەببەتكە مۇپتىلا بولغان كۈنى» مەن بۇ سۆزنى قاچان، قايسى كىتابتىن كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق، ئەمما سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بۇ سۆزنى قەلب خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ نەقىشلىۋالغانىدىم. بۈگۈن يەنە بۇ ھېكمەت- لىك سۆزدىن باشلانغان ئەسلىمەمگە قەلەم تەۋرىتىۋاتقىنىمدا، خىياللىرىم يۈكسەك پەرۋازى بىلەن ياشلىق ئەسلىمىسىنىڭ جەننە- تتەك گۈزەل باغچىسىدا سەير قىلدى. مانا شۇ چاغدا يەنە سېنى ئويلاپ قالدىم. كەل، بىز ئەسلىملىرىمىزنىڭ شاھانە كۆلىدە ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇنايلى. كەل، بىز ئىككى ئىنسانىنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىسىنى ئوقۇپ چىقايلى!

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى يارىتىش بىلەن تەڭ ئالەمگە سۆيگۈ - مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچقانلىقتىن، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، جان - جانىۋار، قۇش - قۇرتلارغىچە ئۆز ئارزۇسى بويىچە جۈپ ئىزدەش، تەلپۈنۈش، سېغىنىش ئۇدۇمغا ئايلانغان. تاھىر - زۆھرە، غېرىب - سەنەم، پەرھاد - شېرىن، لەيلى - مەجنۇن قىسسىلىرىنىڭ تا بۈگۈنگىچە يادلىنىپ تۇرۇشىغمۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى سەۋەب بولغان. شۇڭا، بىزدە پەرھادتەك تاغ يارار ئوغلانلار كۆپ، شىرىندەك شاھانە ھۇزۇر -

هالاۋەتتىن كېچىپ، سۆيگەن ئادىمى بىلەن چۇۋۇق كەپىدە ئۇماچ ئىچىشكە رازى، ساداقەتمەن قىزلىرىمىز كۆپ......

مۇھەببەت — بەخت! قەلبتە كۆكلەپ، قەلبتە يانىدىغان بەرگىلىرى يالقۇنجاپ ئېچىلىدىغان سېھىرلىك گۈل.

مۇھەببەت — ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان داۋاسىز كېسەل......

مۇھەببەت — بەخت! بەختنى مال - دۇنياغا سېتىۋالغىلى بولمىغىنىدەك، مۇھەببەتنىمۇ ماددىي بايلىققا سېتىۋالغىلى، تېگىشكىلى بولمايدۇ. زەرداردىن گادايغىچە ھەممىسىنىڭ قەلبىنىڭ پىنھان جايلىرىغا يوشۇرۇپ ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ھېكايىلىرى بولىدۇ. سەن بىلەن بىزنىڭمۇ شۇنداققۇ؟

## 2

«مۇھەببەت تەگرىنىڭ ھەقىقىتى، ئۇ بىزگە مۇنداقلا خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولماستىن، ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يارىتىلغان.» دەيدۇ ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ئىمىرسون.

«تۇنجى بالام، تۇمارىم بالام» بولۇپ ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولۇپ، ئەقىل تېپىپتىمەن. ھېماتىم ئاتام، مېھرىبانىم ئانامنىڭ بېھىساب ئەجىر- مېھنىتى ۋە ئۈلگىلىك تەربىيەسى بىلەن ئاخىر بىر كىشلىك خىزمەتكە ئېرىشىپتىمەن. مەن خىزمىتىمنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدىم. گەرچە مەن ئاددىي سەھرا مۇئەللىمى بولسامۇ، شاھانە ھۇزۇر ئىچىدە ياشايتتىم. كۆڭلۈم ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلار بىلەن لىق تولغان، باھار تەبەسسۇمىدەك ھايات مەن ئۈچۈن مەنىلىك ھەم ئەھمىيەتلىك ئىدى. كۆزلىرىدىن ھەۋەس، ئارزۇ ۋە شەيدالىق چاقناپ تۇرغان سەبىي دېھقان باللىرىغا دەرس سۆزلەۋاتقىنىمدا، ئىشقا چىقىش - ئىشتىن

قايتىشمدا ئاجايىپ ھېسلارغا چۆمەتتىم. سەھرا تېمى، رېشاتكىسى، قاشاسى يوق چەكسىز گۈزەل باغچا، ھەر پەسىلنىڭ سۈلكىتىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل دۇنيا. قارلىغاچلار باھار كەلگەنلىكىنى جاكارلاپ بولغۇچە، نوتا چىقىرىپ ئەتراپقا يېشىللىق بەخش ئېتىدىغان چوكانتاللارنى، ھال رەڭ، سۆسۈن، بىنەپشە رەڭ چېچەك ئېچىپ تۇرغان باغىراڭلارنى، كەپسىز شاماللار ئېلىپ كەلگەن تەبىئەت كۈيىگە جور بولۇپ دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئالتۇن باشاقلارنى، دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئەنبەر پۇراقلىق گۈللەرنى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە پاتماي لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلارنى، مەن ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقان ئاشۇ سەھرادىن باشقا يەردە كۆرگىلى بولمايتتى.

3

جاھاندا ئۇدۇل داۋاملىشىدىغان يول بولمىغىنىدەك، بىر خىل ئۆتۈۋېرىدىغان تۇرمۇشمۇ بولمايدىكەن. تاشقى مۇھىت ھامان ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتىغا، ھەرىكەت مىزانىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مەجبۇرەن تېڭىپ، ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ بىرىدە، مەن سەن بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدىم. «ئەجەب كىنو ئارتىسىغا ئوخشايدىغان قىزكەن» دېگەنىدىم، گەپ قىلىشلىرىڭ، ھەربىر ئۇشىشاق ھەرىكەتلىرىڭ، گىرىمسىز ھەم يېقىشلىق چىرايىڭغا قاراپ. سەن ماڭا تۇنجى كۆرۈشۈشتە ئاشۇنداق چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدىڭ. ھايالىق، پاك سىردىشلىرىمىزدىن پۈتكەن دوستلۇق رىشتى بىزنى بىر - بىرىمىزگە باغلاپ قويدى. ھەمراھىغا كۆنۈپ قالغان تايدەك، سەنسىز كۈنلەردە خۇشلۇقۇم قاياقىقىدۇر غايىب بولۇپ، بىلىپ - بىلمەي شۈكلەپ، باش - ئاخىرى يوق خىياللارغا ئەسىر بولاتتىم. بىر كۈنى سەن مېنى كىيلەر شەنبە

كۈنگە دوستلىرىڭ قاتارىدا ئۆيگە چايغا تەكلىپ قىلدىڭ. مەن
خۇددى شاھ ئوردىسىغا مەلىكىنىڭ قوبۇلىغا بارىدىغاندەك، ئۈچ
كۈنىنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى، مۇمكىن بولسا بىر غايىۋى
كارامەت بىلەن ئاشۇ ئۈچ كۈنىنىڭ كالېنداردىن ئۆچۈپ كېتىشىنى
تىلەپ، ئاخىر زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈملۈك شەنبىگە ئۇلاشتىم. سەن
ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەتكەن تائاملاردىن ھوزۇرلانغاچ، شېرىن مۇڭدا-
شلار ئىچىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇردۇق. بۇ ئىككىمىزنىڭ
تۇتقان ئۆيىدەك، قالغان مېھمانلار كېتىدىغان، سەن بىلەن
ئۆيىمىزدە مەڭگۈ قالىدىغاندەك خىياللار مېنى ھوزۇرلۇق قۇچىقىغا
تارتاتتى. بىرسى بوينۇمدىن ئارغامچا سېلىپ سۆرىگەندەك باشقىلار
قاتارى ئۇزاپ چىقىپ ئۆيۈمگە كەلگۈچە، سېنىڭ قاپاق تېرەكلىك
خىلۋەت مەھەللەڭدە يۈرىكىمنىڭ بىر پارىسى قالغاندەك كۆڭلۈم
بەك يېرىم بولدى. مەكتەپكە چىقىۋاتقان، قايتىپ كېلىۋاتقان-
لىرىمدا، ئۇيقۇغا باش قويغانلىرىمدا، سەن ھامان كۆز ئالدىمغا
كېلىۋالاتتىڭ. قارا كۆزلىرىڭ يۈرىكىمنى مۇڭلاندۇرۇپ، مېنى ئايىغى
يوق، بەكمۇ رومانتىك، سېھىرلىك، مۇزىكىدار بىر دۇنياغا ئاپىرىپ
تاشلايتتى. مەن روھىمدا ئاپىرىدە بولغان ئاسمىنى تىنىق، زېمىنى
گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈلشەن دالىدا سەن بىلەن بىللە
سەيلە قىلاتتىم. بۇ يەردە كەچ بولمايتتى، ئۇلۇغ قۇياش زېمىنغا
ئالتۇن رەڭ جۇلاسىنى ياياتتى. قۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايراپ
ھارمايتتى. سەن بىلەن كېتىۋېتىپ، پەقەت ساڭىلا ئاتالغان
مەخپىي سۆزلىرىمنى تىزىق تىزغاندەك تەپەككۇر يىپىغا ئۆتكۈزۈ-
ۋالغان بولسامۇ، ئەمما يۈرىكىمدە پارتلاي دەپ قالغان ئاشۇ سۆزلەر
تىلىمغا كەلمەي تۇرۇپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكىم
دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتەتتى. مەخپىي سۆزلىرىمنى نەچچە ئون قېتىم
تەكرارلىغاندىمەن، ئەمما سېنى كۆرسەملا، بەدىنىم كۆيۈشۈپ نېمە
دېيىشىمنى بىلەلمەيتتىم.

بىر كۈنى مەن سېنى بىللە كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدىم.

سەن تېگىرقىغانلىقىڭدەك تۇرۇپ قالدىڭ - يۇ، تەلىپىمگە قوشۇلدۇڭ. بىز دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن كېلىپ، كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا تۇرىمەن، سېنى كەلمەي قالارمۇ دېگەن تەشۋىش ئىچىدە جىددىيلەشكىنىمچە ئۆتكەن - كەچكەن ئادەملەرگە ئالا قويماي قارايمەن. بىر چاغدا سەن كەلدىڭ، سەن چاچلىرىڭنى ئىككى ئۆرۈپ گىلەم دوپپا كىيىۋالغانىدىڭ. شۇ چاغدا مەن باياتىن بېرى كىنوخانىغا كىرىپ كەتكەن، كىرىۋاتقان، ئەتراپتا كىملەرنىڭدۇر كۈتۈۋاتقان قىزلار ئىچىدە، ياق، يۇرتىمىزدا ھەتتا جاھاندا سەنچىلىك گۈزەل قىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئىككىمىز زالغا كىردۇق. سەن بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگەن ئىككى سائەت مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ سۈرگەن ئەڭ كاتتا ھۇزۇر ئىدى. مەن شاھ ئىدىم، سەن مەلىكە!

## 4

مېنىڭ ساڭا بولغان سۆيگۈم شۇ قەدەر پاك ئىدى. تىنىقلىرىڭ، نازۇك بويۇڭدىن تارىغان چوغ تەپتى ۋۇجۇدۇمنى ئاللىقانداق شېرىن تۇيغۇلار بىلەن غىدىقلاپ، ئىنسانىدىكى سەزگۈ راھىتىنىڭ چوققىسىغا يەتكۈزگەنىدى. باھار چېچەكلىرىنىڭكىدەك تاتلىق ھىدىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ، يۈرىكىمدىكى چوغنى پۈۋلەپ تۇراتتى......

مەن ساڭا ئۆزىنى ئېتىش ئالدىدا تۇرغان پەرۋانە، ياق، سەمەندەر ئىدىم. لېكىن، مېنى غايىۋى بىر كۈچ توسۇپ تۇراتتى.

يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقسام، بىرسىنى سېغىنىدىكەنمەن، ھەئە، سېنى سېغىنىدىكەنمەن! سېنى ئەڭ كاتتا رېستورانغا چاقىرىپ تېتىملىق تائاملار بىلەن ئوبدان مېھمان قىلىشنى، بېقىشىپ ئولتۇرۇپ قانغۇدەك مۇڭدىشىشنى ئويلايتتىم. ئەمما،

1990 - يىللار تەكلىماكان بويىدىكى چەت - يىراق ناھىيە بازىرىدا ھازىرقىدەك قەدەمدە بىر رېستوران، قەھۋەخانا، ئىچىملىك، دىسكوخانا دېگەنلەر نەدە تۇرۇپتۇ؟! شۇڭا، بىز پات - پات ئۆيلىرىمىزدە چاي تەييارلاپ ئولتۇرۇش قىلىشاتتۇق.

ئۆزۈمنىڭ ساڭا بولغان مايىللىقىنى يوشۇراتتىم، كۆڭلۈمنى بىلىندۈرسەم ناۋادا قوشۇلماي قالسا قانداق بولار دەپ ئويلايتتىم...... خىيالىمنى مېھرىبان ئانام بىلىپ قالغاندەك گەپ يۇرتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەن قاتارلىق بىر قانچىمىز دەريا بويىغا چىقىپ كىرىدىغان بولدۇق. بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇددىئايىمنى ئېيتماقچى، خىيالىمدىكى مۇراد شارابىنى سەن بىلەن بىللە ئىچمەكچى بولغانىدىم. ئەمما، ئويلىغانلىرىم قىسمەت توساقلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدى. رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ تۇيۇقسىز مەن كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر چاقچاق قىلىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

تىوي قىلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، ئىچىمدە مەن دادىل مەيدەمنى مۇشتلاپ: «ياق، سەن بىلەن توي قىلىدىغان يىگىت مانا مەن» دېيەلمىدىم؟!

## 5

سىنى سېغىنىش ھۇزۇرىدا بىر يەرلىرى شېرىن، بىر يەرلىرى ئازابلىق خىياللارغا غەرق بولاتتىم. بىز قار ياغقان كۈنى بىللە سۈرەتكە چۈشكەنىدۇق. شۇ سۈرەتكە يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتىم، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئىشەنمەيتتىم، مېنى ئازابقا ئىتتەرگەن رېئاللىققا تەن بەرگۈم كەلمەيتتى. ھەسرەتلىك خىياللار قوينىدا نىشانسىز ئۈزەتتىم. بەزىدە ئازابمۇ ئادەمگە ئەقىل ئاتا قىلىدىكەن. بىرسىنى ياخشى كۆرۈش — تامامەن ئۇنى ئىگىلىۋېلىش، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئېرىشىش دېگەنلىك ئەمەسكەن.

ئويلاپ باقسام، سەن ماڭا ئالدى بىلەن دوستلۇقنى، ئاندىن ياخشى كۆرۈش، ساداقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرگەنىكەنسەن. يەنە بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، مەن گەرچە سېنى يوقىتىپ قويغان بولساممۇ، سېنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇق ھېسسىياتىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتىمغا مەنىۋى كۈچ، روھىي مەدەت بەخش ئېتىدۇ.

ھازىر ھەر ئىككىلىمىز بىردىن ئائىلىنى كېلەچەككە ئېلىپ كېتىۋاتقان پاراۋۇز بولۇپ قالدۇق، بىردىن ئائىلىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىش بىزنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىمىز. بەگباش خىياللىرىم بەزىدە ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدىكى ئويلىرىمغا «بىھۇدە» دېگەن تامغىنى ئۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن، كاللامغا ئورناپ كەتكەن ئاشۇ يارقىن كۆرۈنۈشلەر، بىر يەرلىرىدىن ئازابلىق، بىر يەرلىرىدىن لەززەتلىك ئەسلىمىلەر مەن بىلەن مۇنداقلا خوشلاشقۇسى يوقتەك، پات - پات كۆڭۈل كۆزنىكىمدىن مۆڭ بىلەن مارىلايدۇ. گاھىدا يېرىم داغلانغان ئايغا، خىيالچان جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن. بۇ دۇنيادا ھەممىلا ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگىنى بىلەن توي قىلالايدىغان ئىش بولسا، مۇنچە كۆپ مۇھەببەتلىك داستان يېزىلمىغان، ئاشىقلار قىسمىتى بۇگۈنگىچە داۋاملاشمىغان بولاتتى.

تەقدىر سېنىڭ مېنىڭ خۇشۇسىي تۇرمۇشۇمغا تەئەللۇق بولۇشۇڭنى راۋا كۆرمىگىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ تۇرمۇشىڭدىكى مۇھىم ئادىمىڭ، يۆلەنچۈكۈڭ، ھەمراھىڭ، جۈپتىڭ بولالمىدىم. ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ئەسلىمە خاتىرىمىزدە يادنامە بولۇپ قالدى. سەن بىلەن بىر شەھەردە، بىر مۇھىتتا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن، ناگان - ناگاندا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن، سېنى پات - پات خىيال قىلىشتىن خالىي بولالمايمەن. سېنى خىيال قىلىشىم، ئويلىشىم، ئىلگىرىكى كۆڭۈل تەمە قىلىش، ئىگىلىۋېلىش تۇيغۇسىدىن يىراق ئىدى. ئۇچرىشىپ

قالغانلىرىمىزدا، سەنمۇ ماڭا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىسەن. شۇنداق، سەن ھېلىمۇ خۇددى شەرق ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاڭ قۇياشىدەك شۇنچىلىك ئىللىق، شۇنچىلىك نۇرلۇق، شۇنچىلىك پاكىز كۆرۈنىسەن.

## 6

بۈگۈن بىز تاللا بازىرىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. قىزغىن، سەمىمىي سالاملاشتۇق. تەگرى بىزگە پەقەت ئۇتتۇز سېكۇنتقىمۇ يەتمىگەن قىممەتلىك ئۇچرىشىش پۇرسىتى بەرگەنىدى. شۇ چاغدا يۈرىكىمىز ئۈنسىز مۇڭداشتى.

— بۇ كۆنلەرگە يەتكەنلەر بار، يەتمىگەنلەر ھەم بار!

— نىكاھ غايىب دەپتىكەن، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. سىزمۇ گېپىڭىزنى ئوچۇق دېسىڭىز بولمامدۇ، شۇ چاغدا......

— بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ ئۆتۈشمۇ بەخت!

سەن لىققىدە لازىمەتلىك بېسىلغان ھارۋىنى ئىتتىرگىنىڭچە ھېسابلىشىش ئورنىدىن يىراقلاپ كەتتىڭ. مەن بىرھازا گاڭگىراپ تاللا بازىرىدىن چىققىنىمدا، بەخت پەرىشتىسى ماڭا دەستە - دەستە گۈللەرنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئەتراپتا ئاجايىپ مۇڭلۇق بەخت سىمفونىيەسىنى ياڭراۋاتاتتى...... ئۇ مېنى سۆيىدىكەن!



本书选绿作者人生、爱情为题村的散文。

**图书在版编目（CIP）数据**

燃烧中的照片：维吾尔文 / 阿不力米提·阿不来提著. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.12
ISBN 978－7－5373－2748－0

Ⅰ. ①燃… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①散文集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I267

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 311717 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

# 燃烧中的照片

**（散文）**

阿不力米提·阿不来提 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 4.25 印张 2 插页
2012 年 12 月第 1 版 2012 年 12 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：12.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927



2006 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ئېھتىرام گۈلدەستىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش باشلانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپاتلىق رادىيو ماقالىسى مۇسابىقىسىدە 3 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن ھەم «قەلبتىن قەلبكە يول» ناملىق كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، يەكەن ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى. يەكەن ناھىيەلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

ۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: دىلمۇرات تۇرسۇن

ISBN 978-7-5373-2748-0

9 787537 327480 >

(民文)定价：12.00元